
ئۈچىنچى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ئەدەبىي ژۇرنال

# WORLD LITERATURE

2011 5

世界文学选译

# دۇنيا ئەدەبىياتى



WORLD LITERATURE



کونستابل (ئەنگلیە)

ئیکنزارلق



Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

## مۇقاۋىدا

## «پاراڭلىشىۋاتقان قاھىرەلىك قىزلار»

بۇ رەسىمدە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەرەب قىزلىرىنىڭ باياشات ۋە تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. رەسىمنىڭ پۇتكۇل قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئىنتايىن تەبىئىي. رەسىمدىكى پېرسوناژلارنىڭ چىرايى ۋە روھىي ھالىتى خۇددى تىرىك ئادەمنىڭكىدەك جانلىق، ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەن كۆركەم ـ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئۆيئىچى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئەنگلىيەلىك رەسسام لۇيىس ئوچۇق رەڭلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش ئارقىلىق نۇرنىڭ نازۇك ئۆزگىرىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سۇ بوياق رەسسامچىلىقىدىكى يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

WORLD LITERATURE

دۇنيا ئەدەبىياتى

# مۇندەرىجە

## رومان

تەخداشسىز مۇھەببەت ........................ ئىرىچ سېگال (ئامېرىكا) (3)
دىلشات قېيۇم نۇر تەرجىمىسى

## ھېكايە

بىر ئادەمنىڭ كەچۈرمىشلىرى ........................ مىخائىل زادورنوف (رۇسىيە) (43)
سۇلتانى تەرجىمىسى
دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى مالاي قىز........................ موپاسسان (فىرانسىيە) (46)
مۆمىن روزى تەرجىمىسى
ئىبىسلزادە ........................ ماتسۇمۇرا ئېيلو (ياپونىيە) (64)
شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى
كۆك بېلىق ........................ خالدور كىليان لاكسىنىس (ئىسلاندىيە) (68)
ھەزرىتى ئەلى بارات تەرجىمىسى
خالىيدا ئۇچرىشىش ........................ نەجىپ مەھفۇز (مىسىر) (76)
ئوسمانجان مۇھەممەت تەرجىمىسى
كۆز ........................ قاسىم تايمۇر مۇھەممەد (ھىندىستان) (82)
بارنجان زەپەر تەرجىمىسى

## شېئىر

پېتوفي شېئىرلىرىدىن ........................ (61)
مۇھەممەت ئىمىن تەرجىمىسى

## ماقالە

ياشار كامال بىلەن سۆھبەت ........................ تەكىن سونمەز (توركىيە) (85)
تۈركچىدىن ۋەلى كېرىم كۆكئالپ تەرجىمىسى
قەدەھ سۆزى (ھەجۋىي رەسىم)........................ بىدستروپ (دانىيە) (96)

2011 ـ يىلى 5 ـ سان
32 ـ يىلى نەشرى
ئومۇمىي 185 ـ سان

باش مۇھەررىر
ئەلى توختى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
مۇختار مامۇت
(كانديدات ئالىي مۇھەررىر)

مەسئۇل مۇھەررىر
ئازات ئالماس
( ئالىي مۇھەررىر)

مەسئۇل كوررېكتور
گۈلشەھەر نىعمەت

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى
مۇھەممەت نەۋبەت

قىستۇرما رەسىم سىزغۇچى
زۇلفىيە ئابدۇرېھىم

ژۇرنالدا سۈپەت مەسىلىسى
كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن
ئالاقىلىشىڭ
0991 ــ 2558674




## ئون ئالتىنچى باب

ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر بارلىق ئاماللار ئارقىلىق مېنىڭ ئالاقىلىشىش نومۇرلىرىمنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولغاچقا، ئۇلاردىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىش مەن ئۈچۈن بىر قىيىن مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. يېقىندىن بۇيان بوش ۋاقتىم بولسىلا، ئۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، چاقىرغۇ ئاپپاراتىمنى ئېتىۋېتىپ، كىنوخانا ياكى تىياتىرخانىلارغا بېكىنىۋالىدىغان بولۇۋالدىم.

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» مەن ئۈچۈن ئىشەنچلىك كومپاس ئىدى. بۈگۈنكى گېزىتتىن مېنىڭ كونا دوستۇم ئېۋىنىڭ يولدىشى، باس ئىسكىرىپكا ئۇستىسى روگېر جوزېفسوننىڭ مۇزىكا كېچىلىكى ھەققىدىكى ئېلاننى كۆرۈپ قالدىم. تۇيۇقسىز مەندە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش، بولۇپمۇ ئېۋىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئاماللار قىلىپ ئالدىنقى رەتنىڭ بېلىتىنى ناھايىتى تەستە تاپتىم. روگېر ئىلگىرىگە قارىغاندا سەل سەمرىپ قالغان، چاچلىرىغا ئاز ـ تولا ئاق ئارىلىغان، ھەقىقىي بىر سەنئەتكارغا خاس سالاپەتكە كىرىپ قالغانىدى.

بۈگۈن ئۇنىڭغا پىيانىنو بىلەن تەڭكەش قىلىپ بېرىۋاتقىنى نىمە ئۈچۈندۇر ئېۋى بولماستىن، بەلكى كارمېن دېلالوكس ئىسىملىك چىرايلىق بىر مېكسىكىلىق قىز ئىدى. كۆرۈۋېلىشقا بولاتتىكى، بۇ بىر جۈپلەرنىڭ مۇزىكا چېلىشىدىكى ئۇسلۇبى، ئۆزگىچە ماسلىشىشى، شۇنداقلا روھىي ھالىتىدىن ئۇلارنىڭ ئۆز ساھەسىدە ياخشى كەسپداش، تۇرمۇشتا يېقىن ھەمراھلاردىن ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى. ئارىلىقتىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا مەن ئېۋىنى خېلى ئىزدىگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ چېلىقتۇرالمىدىم.

ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم: ئېھتىمال ئۇنىڭ مىجەزى يوق ياكى بولمىسا بىرەر مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن!

ئۇلار ئاخىرىدا شوپىننىڭ داڭلىق بىر مۇزىكىسىنى ئورۇنلاپ، كېچىلىكنى ئاخىرلاشتۇردى.

① بېشى ئالدىنقى ساندا.

تاماشىبىنلار ھاياجاندىن قىيقاس – چۇقان كۆتۈرەت-
تى، گۈلدۇراس – ئالقىش ياڭرىتاتتى.

مەن سەھنە ئالدىغا كېلىپ، خىزمەتچى خادىم-
لارغا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ پەردازخانىغا ئاسانلا
كىردىم. تەبىئىيكى، گىرىمخانىسى ئۇنىڭ چوقۇنغۇ-
چىلىرى، دوستلىرى، باش ئىسكىرىپكىچىنىڭ ۋە
مۇخبىرلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. مەن ئۇلار ئى-
چىدىن ھېلىھەم ئېۋىنى ئىزدەيتتىم. بۇ چاغدا بايە-
قى مېكسىكىلىق پىيانىنوچى قىز مەن تەرەپكە
قاراپ كەلدى.

— سىزگە ياردىمىم كېرەكمۇ؟

— رەھمەت، — دېدىم مەن تەكەللۇپ بىلەن، —
مەن جوزېفسون خانىمنىڭ يېقىن دوستى بولىمەن.
بىلمىدىم، ئۇ ھازىر ...

— مانا مەن دەل جوزېفسون خانىم بولىمەن! —
ئۇنىڭ ئاۋازى زىل ۋە ياڭراق ئىدى.

مەن بىرئاز تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم ۋە ئارقى-
دىن ئالدىراپ سورىدىم.

— ئۇنداقتا ئېۋى ئۇ؟

— ئۇلار خېلى يىللار ئىلگىرىلا مېنىڭ سەۋە-
بىمدىن ئاجرىشىپ كەتكەن، — ئۇنىڭ تۇرقىدىن
تەكەببۇرلۇقى چىقىپ تۇراتتى، — ئەجەبا، سىز
گېزىت كۆرمەمسىز؟

— مەن چەت ئەلدىن تېخى ئەمدىلا قايتىپ
كەلدىم، — يۈرىكىم تۇيۇقسىز ئېغىپ كەتكەندەك
بولدى. — ئۇنداقتا مەن قايتاي.

— بىردەم ساقلاپ تۇرسىڭىز، ئۇ چوقۇم قىزى-
نى ئالغىلى كېلىدۇ.

راستىنلا ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم.
ئارقا تەرەپتىن قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ
دەل ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان دوستۇم ئېۋىنىڭ ئاۋا-
زى ئىدى.

مەن دەرھال ئۆرۈلۈپ ئارقامغا قارىدىم. ئۇنىڭ
قىسقا قوڭۇر چاچلىرى، سۇس قوڭۇر كۆزلىرى يە-
گىرمە يىل ئاۋۋالقى سېھرىنى يوقاتمىغانىدى. بىز
ئەتراپتىكىلەرنى ئۇنتۇغان ھالدا چىڭ قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشتۇق. پۇراقلىق ئەتىرنىڭ ھىدى، ياق، ياق،
ئېۋىنىڭ يىگىرمە يىل ئاۋۋالقى ھىدى ۋۇجۇدۇمغا تا-
رالماقتا ئىدى.

— يىگىرمە يىلدىن بۇيان نەلەردە يۈردىڭىز؟ —
ئېۋى مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا سورىدى.

— دەپ كەلسەم گەپ تولا، — مەن گەپنىڭ
تېمىسىنى يۆتكىدىم. مەن تېخى يېقىندىلا نيۇيوركقا
قايتىپ كەلدىم. قارىغاندا، تۇرمۇشىڭىزدا بەزىبىر
ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەندەك قىلىدۇ.

ئېۋى نېرىراقتا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايالنىڭ
قېشىدا تۇرغان ئىككى قىزچاقنى ماڭا كۆرسەتتى.
ھېلىقى ئايال ئېھتىمال ئائىلە خىزمەتچىسى، چى-
رايلىق كىيىنگەن ئۇ ئىككى قىز دەل ئېۋىنىڭ
قىزلىرى ئىدى. ئېۋى ئۇلارنى چاقىرىپ ماڭا تونۇش-
تۇردى. ئون ئۈچ ياشلىق لىلى بىلەن ئون بىر
ياشلىق دەيبي مەن بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈش-
تى.

— بۇياق مېنىڭ قەدىناس دوستۇم، يەنى سى-
لەرگە سۆزلەپ بەرگەن تالانتلىق پىيانىنوچى تاغاڭ-
لار بولىدۇ.

— كېيىنچە دوختۇرلۇق كەسپىنى تاللىغان
ھېلىقى دوستىڭىز دەل مۇشۇ ئىكەن - دە، — سو-
رىدى لىلى.

بۇ چاغدا دەيبىمۇ دەرھال بېرىپ ئاپىسىنىڭ
قولىنى تۇتۇپ سورىدى:

— بۇياق ھېلىقى يىراقتىكى ئورمانلىقتا بېرى-
ۋېلىپ قايتىپ كەلمىگەن دوختۇرمۇ؟

— دەل تاپتىڭلار، قىزلىرىم، — ئېۋى ماڭا
قاراپ يېقىملىق كۈلدى.

— مېنىڭ ئافرىقىغا كەتكىنىمدىن قانداق
خەۋەر تاپتىڭىز؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدىم.

— مېنى ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز دەپ ئويلاپ

قالغانمۇ؟ — ئېۋى چاقچاق قىلدى، — ئەمەلىيەتتە سىزنى ھېچكىم مەندەك چۈشەنمەيدۇ. ھېچكىممۇ سىزگە مەنچىلىك غەمخورلۇق قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە مەندە ئاجايىپ سىرلىق بىر ئەينەك بار!

— نېمە، نېمە؟ — مەن قىزىقسىنىپ سورىدىم.

— ئۇنى «مىچىگان مەكتەپداشلار ئالاقە تورى» دەپ ئاتايمىز. ئىنىڭىز ئارقىلىق سىزنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ كەچمىشلىرىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ تۇردۇق. سىز ھەقىقەتەن ئائىلىدىكىلىرىڭىزنىڭ پەخرى بولۇشقا مۇناسىپ! — ئۇ گەپ ئارىلىقىدا پېشانەمگە قاراپ قويدى، — قارىماققا پەقەتلا چانمىغۇدەك. نەزىرىمدە، سىز ھەممىمىزدىن بەختلىك!

— بۇ سىزنىڭ قارىشىڭىز، — مەن باللار تەرەپكە قارىۋالدىم.

— سىزنى قايسى شامال نيۇيوركقا ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— خېلى بولدى. ھازىر مەن كوننېل تېببىي ئىنستىتۇتىدا پىروفېسسورلۇق قىلىۋاتىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — ئېۋىنىڭ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەندى، — ئېھتىمال خىزمىتىڭىز مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ ئوڭۇشلۇقتۇ؟

— قالغان گەپلەرنى دېيىشكە ۋاقىت دېگەن يېتەرلىك. ئوبدانراق بىرەر جاينى تېپىپ قىزلىرىڭىز بىلەن بىللە كەچلىك تاماق يەپ كەلسەك قانداق؟

— بەك ئوبدان بولدى! — قىزچاقلار خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى.

— باشقا مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — ئېۋى سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

— چاتاق يوق، — مەن قىزلاردىن سورىدىم، — رۇسىيە چايخانىسىغا مەيلىڭلار قانداق؟

قىزلار بىردەك بېشىنى لىڭشىتتى.

بۇ چاغدا ئېۋى ئالدىنقى ئېرى بىلەن ئاددىيلا قول ئىشارىسى قىلىشىپ خوشلاشقان بولدى.

كوچىغا چىقىشىمىزغا قىزچاقلار تايچاقتەك سەكرىشىپ بىزدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتتى. بۇ چاغدا ئېۋىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دېيىشكە پۇرسەت تۇغۇلغانىدى.

— ئاجرىشىپ كەتكىنىڭلارنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم.

— مېنىڭ ھازىر ئىككى ئوماق قىزىم بار. ئۇنىڭدىن باشقىسى ماڭا بەرىبىر، ماتېۋ.

— لېكىن، ئۇلارنى قاتارغا قوشۇش بىر تەنها ئايال ئۈچۈن ئۇنچىلا ئاسان ئىش ئەمەس، ئېۋى.

— بۇ يەر دېگەن نيۇيورك، — ئۇنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، — مېنىڭ ئۆزۈمگە ئىشەنچىم بار!

ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا بەزى سوئاللارنى سورىماقچىدىم. لېكىن، نىيىتىمدىن ياندىم. چۈنكى، چايخانىغا كېلىپ قالغانىدۇق. ئۇستىلىمىز مول، ھەممىمىزنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغاچقا گەپلىرىمىز تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاخىر كۆڭلۈمدىكىنى تۇيدى بولغاي، تاماق ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ نىكاھ مەغلۇبىيىتى توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئافرىقىدىكى كەچمىشلىرىم توغرىسىدا ئاز-تولا توختالغان بولساممۇ، لېكىن يارىلانغىنىم توغرىسىدا گەپ تېشىپ باللارنى ئەنسىزچىلىككە سېلىشنى لايىق كۆرمىدىم. سىلۋىيە توغرىسىدا تېخىمۇ ئېغىز ئاچمىدىم.

ئېۋى خۇددى ئىلگىرىكى چاغلارغا ئوخشاش، يەنىلا شۇنداق قەيسەر، ئىرادىلىك، ئوچۇق-يورۇق ئىدى. مەيلى قانداقلا ئىش بولسۇن، گەرچە ئۇ كۆ-

ڭۇلسىز ئىش بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلالايتتى. ئۇنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلار ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئېۋى ئۆز كەسپى ھەققىدە خېلى باش قاتۇرغان بولۇپ، روگېر ئۇنى ژولد ئىنستىتۇتىنىڭ باس ئىسكىرىپكا ماھىرلىرىنى تەربىيەلەش فاكۇلتېتىغا تونۇشتۇرۇپ قويغانىكەن. ئۇنىڭ ياردەمگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتلىرىدا يېنىدا بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىناتتىم.

— ئادەتتە تۇرمۇشىڭىزنى، يەنى بالىلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىۋاتىسىز؟

— ئۇلار يازدا بىر ئاي روگېر بىلەن ... — ئېۋى ئۇنىڭ ئىسمىنى تەستە تىلغا ئالدى، — كارمېننىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. بۇ چاغدا مەن ئاسىيىن مۇزدىكا بايرىمىغا قاتنىشىمەن. بولدىلا، سىز ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا تېخى سۆزلەپ بەرمىدىڭىز؟

— سىزگە دېگۈدەك نېمىمۇ گەپ بار دەيسىز؟

— چاقچاق قىلماڭ. مېنىڭ ئايالىڭىز ۋە بالىلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— كەچۈرۈڭ، مەن تېخى توي قىلمىدىم.

ئۇ ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن ماڭا بىرپەس تىكىلدى ۋە پەس ئاۋازدا سورىدى:

— قارىغاندا، سىزمۇ نىكاھتا مەغلۇپ بولغانلاردىن ئىكەنسىز ـ دە؟

— بۇ ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىشكە ۋاقىت دېگەن تولا! — مەن پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب بەردىم ۋە نەزىرىمنى بالىلارغا يۆتكىدىم.

بۇ بىر جۈپ ئوماق قىز ناھايىتى خۇشال ئىدى. پەرىزىمچە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ رەھىمسىز رېئاللىققا كۆنۈپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى. بۇ جەريانلاردا بىچارە ئېۋىنىڭ قانچىلىك جاپالارنى تارتىپ، نېمە كۈنلەرنى كۆرگەنلىكى پەقەت ئۆزىگىلا ئېنىق، ئەلۋەتتە.

تاماقلار يېيىلىپ بولغۇچە ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. مەن تاكسى توسۇپ ئۇلارنى ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويدۇم. ئېۋىنىڭ تۇرالغۇسى مېنىڭ ئۆيۈمدىن ئانچە يىراق بولمىغان ھەشەمەتلىك ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئىكەن.

— بۇ ئولتۇراق رايوندىكى ئۆيلەرگە ھەرقانداق بىر نيۇيوركلۇقنىڭ كۆزى قىزىرىدۇ! — دېدىم مەن ماشىنىدىن چۈشكۈچە، — بولۇپمۇ، ھەممىدىن مۇھىمى دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق پىيانىنو پەقەت مۇشۇ يەردىلا تېپىلىدۇ. قانداق دېدىم؟

— شۇنداق، — ئېۋى سۆزۈمنى تەستىقلىدى.

— ئاپام بۇ يەرنى «سىمفونىيە كوچىسى» دېيىشكە ئامراق، — دېدى لىلى گەپ ئارىلىقىدا.

مەن ئېۋىگە قاراپ مەنىلىك كۈلدۈم.

— مەن بالىلارنىڭ بىردىنبىر ھامىيسى! — دېدى ئېۋى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شۇڭا ھېچكىمنىڭ بۇ ئۆيگە كۆز قىزارتىشىغا ھەققى يوق. بۇ پاكىت ئالدىدا ھېلىقى تۈلكە جىنىمۇ ئامالسىز. قوشنىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سەنئەتكە ھېرىسمەن، مەن بۇ ھالدىن تولىمۇ خۇشال!

— مېنىڭچە، ئۇلار ھامان تىلىكىگە يەتمەي قويمايدۇ! — لىلىنىڭ سۆزى دىققىتىمىزنى تارتتى.

— قانداقسىگە دەيسىز قىزىم؟ — دېدى ئېۋى.

— كارمېننىڭ ئېيتىشىچە، سىبوخات ئەپەندىنىڭ لوندوندىكى خىزمىتى ھەل بولسىلا، ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيىنى سېتىۋالغۇدەك.

ئېۋىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. مەن ئېۋىگە تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن قىزلارغا ۋەدە بەردىم.

— مەنمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇ ئۆيگە قىزىقىپ قالغانىدىم. كىمنىڭ ئۇتۇپ چىقىشىنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرۈۋېلار، قىزلىرىم.

قىزچاقلار سۆزۈمنى ئاڭلاپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— غەلىبە سىزگە مەنسۇپ! — دېدى دەيبې خۇددى چوڭ كىشىلەردەك ماڭا مەدەت بېرىپ.

— مۇزىكا ساھەسى جەھەتتە قانداق يېڭى پىلانلىرىڭىز بار؟ — ئېۋى گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ، ئەستايىدىللىق بىلەن سورىدى.

— نۆۋەتتە مەن مۇزارتنىڭ مۇزىكىلىرىنى پىيانىنو بىلەن ...

— يارايسىز! — ئېۋى ھاياجانلانغانلىقىدىن سۆزۈمنى ئۈزۈۋەتتى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مۇزارتنىڭ مۇزىكىلىرىنى دانىيېل بارنىپومغا چالغۇزۇپ، لېنتىغا ئېلىۋالايمىكىن دەيمەن، — ئېۋى سۆزلىرىمدىن قايمۇقۇپ قالغاندەك قىلاتتى، — راستىمنى ئېيتسام، خىزمىتىم بەكلا ئالدىراش. شۇڭا ... بولدىلا سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، قالغان گەپلەرنى كېيىنكى قېتىم كۆرۈشكەندە دېيىشەيلى، خەير - خوش!

مەن ئىتتىك قەدەملەر بىلەن ئۇلاردىن يىراقلاشتىم.

— ماتېۋ، توختاڭ. ناۋادا خالىسىڭىز، بىز سىزنى مۇۋاپىق ۋاقىتتا كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلماقچىدۇق.

— تەكلىپىڭلاردىن خۇشالمەن، — مەن ئارقامغا بۇرۇلدۇم.

— ۋاقىتنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ.

— يەنىلا سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار ھېساب بولسۇن.

ئەمەلىيەتتە ئارىمىزدا ۋاقىت بەلگىلەش ھەققىدە تالاش - تارتىش باشلىنىپ كەتتى. ئاخىر قىزلارنىڭ ئوقۇشىغا، بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئىككىنچى ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنىنى مۇۋاپىق دەپ قارىدۇق. ئۇ ۋاقىتقىچە مەنمۇ ئىدىيەۋى جەھەتتە خېلى ئوبدانلا تەييارلىق قىلىۋالالايتتىم.

— چاتاق يوق! — دېدىم مەن قولۇمدىن قاس چىقىرىپ، — سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن!

ئېۋى بىلەن قايتا ئۇچرىشىش مېنى بىر جەھەتتىن ھاياجانلاندۇرسا، يەنە بىر جەھەتتىن خىيال قۇشلىرىمنى قاناتلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

مەن ئەينى چاغدا نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەرگە ئېرىشكەن، لېكىن ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنىدىم. نەتىجىدە بىرىمىز بەختسىز تۇل ئايالغا، يەنە بىرىمىز دەردمەن قېرى بويتاققا ئايلىنىپ قالدۇق. ئەمەلىيەتتە ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپ بىز يەنە قايتىدىن ئۇچرىشىپ قالدۇق. شۇنداق ئىكەن، دوستلۇقىمىز باشتىكى ئاساستا قايتىدىن باشلىنىشى، شۇنداقلا قايتا ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە!

### ئون يەتتىنچى باب

مىجەزى غەلىتىرەك بىر كىشىنىڭ كەيپىياتى ۋە يۇرۇش - تۇرۇشىدىكى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭ نەزىرىدە قىزىق نۇقتا بولۇپ قېلىشى تەبىئىي.

مەن بەلگىلەنگەن كۈنى ئىشخانىدىكىلەرگە ئەتە كېچىكىپرەك كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇپ، سائەت يەتتە يېرىملار ئەتراپىدا تەجرىبىخانىدىن ئايرىلدىم. ئۇلار ئالاھىدىرەك بىرەر يىغىن ياكى مېھمان بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مېنىڭ چاچلىرىمنى رەتلىك تاراپ، يارىشىملىق كىيىنىۋالغانلىقىمنى كۆرۈپ، تىلىنى چاينىشىپ بىرنېمىلەرنى دېگىلى تۇردى. شەخسىي ئىش بولغاچقا، ئەمەلىي ئەھۋالنى كاتىپىم پولاغىمۇ ئېيتىپ بەرمىگەچكە، پولامۇ ھېلىقىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى ...

مەن ئافرىقىدىكى ئاخىرقى كۈنلەردە بۇ يەردىكى دوستلارنى، قېرىنداشلارنى ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى كەنتتىن ھەر خىل قىياپەتتىكى خېلى كۆپ ياغاچ قورچاقلارنى سېتىۋالغانىدىم. بۇ قورچاقلار مېنىڭ نەزىرىمدە ئېرىترېيەنىڭ يەرلىك پۇقرالىرىنىڭ سىمۋولى ئىدى. مەن ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىككىنى تاللاپ ئېۋىنىڭ قىزلىرىغا سوۋغاتلىققا ئېلىۋالدىم. قورچاقلارنىڭ بىرى قولىغا دۇمباق ئېلىۋالغان، يەنە بىرى ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان ھالەتتە بولۇپ، ئەينى چاغدا بىز قاتناشقان مىلاد بايرىمىنى قىزىتىۋەتكەن ھېلىقى ئىككى مويسىپىت خەلق سەنئەتكارلىرىغا تولىمۇ ئوخشايتتى. مەن ئېۋىگە قورچاق سوۋغا قىلىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدىم. چۈنكى، ئۇنى سەرگەردانلىقتىكى كەچمىشلىرىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتىم. شۇڭا، ئۇ ئامراق ئەتىرگۈلدىن بىر دەستە سېتىۋالدىم.

ئۇلار ئولتۇرۇشلۇق بۇ بىنا ھەقىقەتەن ئىسمى-جىسمىغا خاس سەنئەتكارلار بىناسى ئىدى. دەرۋازىدىن كىرىپلا مەلۇم بىر داڭلىق پىيانىنوچى بىلەن ئۇنىڭ ئايالىغا دوقۇرۇشۇپ قالدىم. قارىغاندا، ئۇلار بىرەر مۇھىم يىغىلىشقا ئالدىراپ ماڭغاندەك قىلاتتى. لىفت باشقۇرغۇچى ئىتالىيەلىك ئىشچىنىڭمۇ مۇزىكا ھەققىدىكى بايانلىرى كىشىنى قايىل قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ كېلىش مۇددىئايىمنى بىلگەندىن كېيىن قىزغىنلىق بىلەن سۆز باشلىدى:

— جوزېفسون خانىم مېنىڭ نەزىرىمدە تالانتلىق مۇزىكانت بولۇپلا قالماي، ھەممىدىن مۇھىمى ئۇ بىر قالتىس ئانا. سىزگە راست گەپنى قىلسام، مېنىڭ ئايالىممۇ مۇنەۋۋەر ئاياللار جۈملىسىدىن، لېكىن تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇنىڭدا مۇزىكا جەھەتتە ئازراقمۇ قىزىقىش يوق!

لىفت توختىمىغان بولسا ئۇنىڭ سۆزى ھەرگىزمۇ توختىمىغان بولاتتىمىكىن؟ دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە.

— خەير - خوش، ئەپەندى! — دېدى ئۇ ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە، — كېيىنچە يەنە مۇزىكا ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالارمىز.

ئېۋىنىڭ قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن پىيانىنو بىلەن ئورۇنلانغان راخمانىنوف[1] نىڭ «پىيانىنو بىلەن تەڭكەش قىلىپ چېلىنىدىغان مۇزىكا» سى ئاڭلىنىدى. لېكىن، شۇ چاغدا ئېۋىنىڭ قېنيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن كېلىۋاتقان قورۇمىلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى مېنى بىر تەرەپتىن ھاياجانلاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشتىھايىمنى قوزغايتتى.

— سىزنى قارشى ئالىمىز! — دېدى ئىشىكنى ئاچقان دېبىي سەبىيلىك بىلەن، — ئەپسۇس، بۈگۈن ئاپام كېچىكىپ كەلگەچكە، تەييارلىقلىرىمىز تېخى پۈتمىدى. سىرتلارنى بىردەم ئايلىنىپ كىرەمسىز يا؟

— ئەدەپسىزلىك قىلما دېبىي، — ئېۋىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — دەرھال ماتېۋ تاغاڭنى مېھمانخانىغا باشلا.

مەن دېبىيگە قاراپ مۇرەمنى قىسىپ قويۇپ، ئۆيگە كىردىم.

— ياخشىمۇسىز، ماتېۋ؟ — پەرتۇق تارتىۋالغان ئېۋى مېنى قارشى ئالدى، — دېبىي خانقىزنىڭ دېگىنىدەك، خىزمەت سەۋەبى بىلەن بىرئاز كېچىكىپ قالدىم. ئىتالىيە ۋىسكىسىدىن ئازراق ئىچكەچ، بىرئاز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ.

لىلى ئاپىسىغا ياردەملىشىش بىلەن ئالدىراشتەك قىلاتتى. مەن ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئۆزىمىز تاماق ئېتىپ، بىللە مۇزىكا مەشىق قىلغان ئاشۇ ئۇنتۇلماس چاغلارنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالدىم...

تاماق ئارىلىقىدا مەن قىزلارغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلارنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدۇم. قىزلار سا-

[1] راخمانىنوف (1873 — 1943) — رۇسىيەنىڭ 20 - ئەسىردىكى مۇزىكانتى. پىيانىنو ئۇستىسى ۋە دىرىژورى.

زەندە قورچاقلارغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەندى. مەن ئۇلارغا ئافرىقىدىكى كەچمىشلىرىمنى، يەنى ئاچ ـ زارلىق ئىلكىدىكى بىمارلار، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتقان يارىدارلار، ھەر خىل مىجەز، لېكىن بىرلا مەقسەتتىكى كەسپداشلار ھەققىدە سۆزلەپ بەردىم. قىزلار ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش ئىلكىدە ھېكايەمگە قۇلاق سالاتتى. ئۆز نۆۋىتىدە سوئالمۇ سوراپ قوياتتى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئۇستەللەرنى تالىشىپ دېگۇدەك يىغىشتۇرۇپ، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ قېشىمىزدىن ئورۇن ئالدى. دېمەك، بۇ ئائىلىنىڭ ئەتراپلىق تەربىيەسىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ـــ سۆيۈملۈك خانقىزلار، ـــ دېدى ئېۋۋى قىزلىرىغا مېھرىبانلىق بىلەن، ـــ ئەڭ ياخشىسى ھۇجراڭلارغا كىرىپ، دەرس تەكرارلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

قىزلار نائىلاج ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆز ھۇجرىلىرىغا قاراپ ماڭدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن سىرداشقۇسى بار ئىدى.

ـــ سىلەر پىيانىنو چالغان ۋاقتىڭلاردا چىقىپ ئاڭلىساق بولامدۇ؟ ـــ دەپ سورىدى دەيبې ئاخىر كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ.

ـــ ھېچكىم مۇزىكا چالىمىز دېمىدىغۇ تېخى؟ ـــ دېدى ئېۋۋى، ـــ ماتېۋ تاغاڭلار بىر كۈن ئىشلەپ ئەلۋەتتە چارچىدى، باشقا كۈنى بولسۇن.

ـــ سىز ئادەتتە سائەت قانچىدە خىزمىتىڭىزنى باشلايسىز؟ ـــ دەيبې سوئالىنى داۋاملاشتۇردى.

ـــ بەزى چاغلاردا پۈتۈن بىر كېچە تەجرىبىخانىدا بولىمەن.

ـــ قارىغاندا، سىز زادى ئۇخلىمايدىكەنسىز ـ دە؟

مېنىڭ بىر جۈملە راست سۆزۈم قىزلارنى ھەر خىل گۇمانلارغا سېلىۋەتكەندى.

ـــ ئۈيقۇم كەلسە كىرىپسىلودا ئۇخلىۋالىمەن، ـــ دەرھال چۈشەنچە بەردىم.

ـــ توي قىلمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ـ دە؟ ـــ دېدى دەيبې.

ـــ بولدى، خانقىزلار، ـــ ئېۋۋى ئانىلىق كىبىرىنى كۆرسەتتى، ـــ مەن ھازىر سىلەرنىڭ دەرھال ھۇجراڭلارغا كىرىپ كېتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

ـــ ماقۇل، بىردەمدىن كېيىن سىز بىلەن يەنە كۆرۈشۈش ئۈمىدىدىمىز، ـــ لىلى ئامالسىز مۇرىسىنى قىستى.

ـــ پەرۋەردىگارىم، ئۇلار بەكلا ئەقىللىك ئىكەن، ـــ دېدىم مەن زوقلانغان ھالدا، ـــ روگېر ئۇلارغا قانداقمۇ چىدايدىغاندۇ؟

ـــ ئۇ چىداۋېرىدۇ! ـــ ئېۋۋىنىڭ تەلەپپۇزىدىن تەنە چىقىپ تۇراتتى، ـــ ئۇ ئۆز قىزلىرىدىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. سەزگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن، كارمېن مېنىڭ نەزىرىمدىكى ياخشى ئاياللاردىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭمۇ ئۈچ بالىسى بار بولسىمۇ، ئۇلارغا ئانىلىق مېھرىنى زادىلا بېرىپ باققان ئەمەس. بەزىبىر سەنئەتكارلارنىڭ مىجەزىنى ئەلۋەتتە سىزمۇ بىلىسىز!

ـــ بۇ مەيلى سىز ياكى بالىلارغا بولسۇن پەقەتلا ئادىللىق ئەمەس! ـــ دېدىم ھېسداشلىق بىلەن، ـــ كەسىپ جەھەتتە، سىزمۇ نۇرغۇنلىغان پۇرسەتلەرگە موھتاج.

ـــ بالىلار چوڭ بولغۇچە مەن يەنىلا ئۇلارنى ئويلىشىم كېرەك. بولدىلا، ياخشىسى سىز توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى. مۇزىكا جەھەتتە قانداق پىلانلىرىڭىز بار؟

مەن ئۇنىڭ بۇ سوئالنى چوقۇم سورايدىغانلىقىنى، چوقۇم قايىل قىلارلىق بىرەر جاۋابقا ئېرىشمەي قويمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. چۈنكى، ئاشۇ مۇزىكا بىزنىڭ دوستلۇق رىشتىمىزنى باغلىغان،

بىزنى ئورتاق تىلغا ئىگە قىلغان، ئەلۋەتتە. مەن ئۆزۈمنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى بارلىق تۇيغۇمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرۈش ھەققىدە كۆپ ئويلانغان بولساممۇ، لېكىن تازا لايىقىدا بىرەر جۈملە سۆز تاپالماي ئاۋارە ئىدىم. ئوق زەربىسىدىن كېيىنكى نېرۋا قالايمىقانلىشىش توغرىسىدىكى بۇ قاراش ھەققىدە پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى نەزەرىيەۋى جەھەتتە باشلىرىنى لىڭشىتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىلمىي جەھەتتىن بىر نەرسە دەپ بېرەلمىگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سىلۋىيەنىڭ ماڭا قالدۇرغان قەلب يارىسى ھەققىدە مەن قاچانغىچە باشقىلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن؟ ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ھاياتىمدىكى بارلىق ئايرىلىشلارغا پەقەت ئاشۇ بىۋاپا سەۋەبچى ئىدىغۇ؟ مەن بۇ ھەقتە تېخى ھېچكىمگە زارلىنىپ باقمىدىم. پەقەت بۈگۈنلا ئېيۋىگە يۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ، شۇنچە يىللاردىن بۇيان ھاياتىمدىكى بارلىق ئازاب ۋە ئەلەملەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىڭ تېگىگە يەتمەكتە ئىدىم. سىردىشىش داۋامىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ دۇنيادا پەقەت ئېيۋىلا بارلىق سىرلىرىمنى تۆكۈشكە لايىق بىردىنبىر يېقىنىم ئىكەن ...

مەن ھېكايەمنى شىۋېيتسارىيەدىكى ھېلىقى كىچىك بازاردىن باشلىدىم...

— ئاھ، پەرۋەردىگارىم! — ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، — ئۇ بىر يوقىتىش خاراكتېرلىك زەربە ئىكەن. ماتېۋ، قانداقمۇ بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتقانسىز؟

شۇنچە يىللاردىن بېرى مەن بۇ سوئالنى قانچە قېتىم ئۆزۈمدىن سورىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم ...

— بېتخوۋېن ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ! سىزمۇ بىلىسىز. گەرچە ئۇ ئاڭلاش سېزىمىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان. ئۇ «شادلىق قەسىدىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى ئۆز تۇيغۇسىدىكى مۇزىكا سېزىمى ئارقىلىق روياپقا چىقارغان. سىزگە ئىشىنىمەن! سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزغا ئىشىنىمەن!

— ئېيۋى، مېنى ماختاپ ئۇچۇرماڭ. مەن ئىقتىدارلىق ئەمەس، مۇزىكا ساھەسىدە مېنىڭ بولماسلىقىم ھېچقانچە گەپ ئەمەسقۇ؟

— بۇ نۇقتىنى ئالدىراپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى سۆزلەر...

بىرپەس جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇ ماڭا يېقىملىق تىكىلىپ:

— گەپلىرىڭىزنى تولۇق ئاڭلىغۇم بار، ماتېۋ! — دېدى.

مەن سىلۋىيە توغرۇلۇق، پارىژ ۋە ئافرىقىدىكى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىدىم. بولۇپمۇ، سىلۋىيەنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلىرىم ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغاندەك قىلاتتى.

— سىلۋىيەنى ھازىرغىچە ياخشى كۆرەمسىز؟ — ئېيۋى ماڭا سىرلىق تىكىلدى.

— بىلمەيمەن. مېنىڭچە، ئۇ مېنىڭ مەنىۋىيىتىمدە ھېلىھەم بار بولۇشىمۇ مۇمكىن!

— ئۇنى دائىم ئەسلەپ تۇرامسىز؟

— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ ئىلگىرى ئورۇنلىغان بىرەر مۇزىكىنى قايتىدىن ئاڭلاپ قالغانلىرىمدا، ئۇ شۇ ئان كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ! لېكىن، ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئوخشايدۇ.

— پەرىزىمچە، ئۇنى سىز پەقەتلا ئۇنتۇيالمىغان ئوخشايسىز. ئارىدىن شۇنچىلىك ۋاقىت ئۆتسىمۇ، يەنە سىزنىڭ ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۆزىڭىزنى ئازابلاپ يۈرۈشىڭىزنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى ئەمدى؟ — ئېيۋىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى، — ئۇنىڭ سىزنى ئۇنتۇپ كېتەل

مىگەنلىكىگە ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

— بىلمەيمەن! — مەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدۇم، — بەلكىم ئۇ مېنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەندۇ!

— سىز ئۇنىڭغا ئۇنتۇرۇپ قويغانلىقىڭىزنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ — ئېۋى ماڭا مىختەك تىكىلدى، — مۇزىكا سىزنىڭ ھاياتىڭىزنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى! باشقىلار ئۇنى سىزدىن تارتىۋالسىمۇ، سىز كۆزىڭىزنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇردىڭىزمۇ؟ — ئېۋىنىڭ گەپلىرى جاندىن ئۆتەتتى، — قېنى ئېيتىڭا، مەن باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ كونا دوستىڭىز. ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ: «مۇزىكىسىز ياشىيالمايمەن!» دەپ ئېتىراپ قىلىپ بېقىڭا؟ بىر سەنئەتكار ئۇچۇن ئېيتقاندا، مېنىڭچە بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە!

— ھازىرقى سالاھىيىتىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — مەن يان تەرەپكە قارىۋالدىم، — مەن دېگەن دوختۇر!

— مېنىڭچە، سىز ھامان ياخشى بىر سەنئەتكار!

— رەھمەت. بۇ سۆزنى سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئاڭلىسام، بەكلا يېقىملىق تۇيۇلىدىكەن.

— سىز شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئادەتتىكى كۈيلەرنى ئورۇنداپ بولسىمۇ، ئۆزىڭىزنى سىناپ كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— مەن رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك. مېنىڭ مۇزىكا سېزىمىم ئاللىبۇرۇن مېنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتكەن. مەن ھازىر ئۆز كەسپىمدىن پەخىرلىنىمەن. چۈنكى، بىمارلارغا قايتىدىن ھاياتلىق ئاتا قىلىش ساۋابلىق ئىش. ناۋادا قايتىدىن تاللاش توغرا كەلسە مەن ...

— سىز ھەرگىزمۇ تاللاشقا موھتاج ئەمەس. سىز ئۆزىڭىزنى بۇ ئارقىلىق جازالىماسلىقىڭىز كېرەك.

كاللام زىددىيەتلىك ئىدى. بارلىق سىرلىرىمنى ئېۋىگە ئاشكارىلىغىنىمغا ئەمدىلىكتە پۇشايمان قىلاتتىم ـ يۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئۇچراشمىغان بولسام، ئېھتىمال ئاز ئۆتمەي ئاچچىق ئەسلىمە ۋە تەنھالىق ئىلكىدە تۈگىشىپ كېتىشىم مۇمكىن، دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىشكە مەجبۇر ئىدىم ...

## ئون سەككىزىنچى باب

ۋاقىت ئاللىبۇرۇن تۈن نىسپىدىن ئاشقانىدى. ئېۋى ئارام ئالمىسا، ئەتىگەن تۇرۇپ باللارنى مەكتەپكە يولغا سالمىسا بولمايتتى. ئۇزاق مەزگىللىك بويتاقچىلىق مېنى شەخسىيەتچى، ئائىلە ئىشلىرىغا قارىتا بىپەرۋا قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئائىلىگە مەندە ئىختىيارسىز بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى شەكىللىنىپ قېلىۋاتاتتى.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېۋىگە تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭغا تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدۇم ـ يۇ، دەرھال بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. چۈنكى، ۋاقىت بەكلا كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇيقۇم كەلمىگەنسېرى بىرەر باھانە تېپىپ، ئېۋى ئائىلىسىدىكىلەرنى مۇزىكا كېچىلىكىگە ۋە ياكى باغچىغا بېرىپ ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىش ئويى مېنى تولىمۇ ئىنتىلىق قىلىۋەتكەنىدى. ئۆزۈمگە ھەيران ئىدىم. چۈنكى، پىلانلىرىمدىكى بارلىق كۆنتەرتىپلەرنىڭ تولىسى دېگۈدەك باللار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ئېھتىمال مېنىڭ ھېسسىيات چەمبىرىكىگە قايتىدىن چۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىقىمنىڭ سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىسا مەن چوقۇم ئېۋىنىلا ئويلىغان بولار ئىدىم. ئۇنداقتا مەن يەنە نېمە ئۈچۈن قەلبىمدىكىنى بىراقلا ئاشكارىلاپ ئېۋىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشنى

خالايمەن! كاللام گادىرماچ، ھېسسىياتىم مۇرەككەپ ئىدى ...

ئۇكام سىزى بىلەن خىيالىمدا سىرداشتىم.

«بەخت ساڭا قاراپ قۇچاق ئاچسا قورقۇۋاتامسەن؟» دېدى سىزى مەسخىرىلىك ئاھاڭدا.

«شۇنداقراق»

«سىلەر يىگىرمە يىللىق كونا دوستلاردىن. شۇڭا، بۇ ئۇچرىشىشنى يېڭى باشلىنىش دېگەندىن كۆرە، ھېسسىياتنىڭ داۋاملىشىشى دېگەن تۈزۈك، قانداق دېدىم»؟ سىزى مەسخىرىلىك كۈلدى.

ئەمەلىيەتتىمۇ بەزى چاغلاردا ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. بولۇپمۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا شۇنداق.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەن ئېۋىگە تېلېفون بېرىپ رەھمەت ئېيتتىم.

— بالىلار سىزنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، — دېدى ئېۋى ئالاھىدە تەكىتلەپ، — ئۇلار سىزنى ئۆيگە يەنە تەكلىپ قىلماقچى. ھە راست، كېلەركى شەنبە كۈنى مۇزارتنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش يىغىلىشى بار. ياش مۇزىكانتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىدۇ. قانداق، مەيلىڭىز بارمۇ؟ — ئۇ بىرپەس تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كۆڭلۈمنى ئاياپ قوشۇپ قويدى، — مۇزىكا ئورۇنلاشنى خالىمىغانلار مېھمان سۈپىتىدە قاتناشسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، يىغىلىشتىكى يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان بەزى كۆلكىلىك ئىشلارنى تۇغرا چۈشىنىشىڭىزنى سورايمەن.

— كۆلكىلىك ئىش؟

— مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ۋە كەسىپدىشىم چېرچىنىڭ يولدىشى ئەسلىي بىر بوغالتىر. لېكىن، پىيانىنو چېلىشقا ئالاھىدە ھېرىسمەن. بۇنداق يىغىلىشلاردىن ھەرگىز قالمايدۇ. ئادەتتە ئۇ مۇزىكا ئورۇنلىسا ھەممىمىز قۇلاقلىرىمىزنى ئېتىۋالىمىز. ۋاقىت چىقىرالامسىز؟

— ئەلۋەتتە، سىز قايسى مۇزىكىنى ئورۇنلىماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— «بەش قىسىملىق ئاھاڭ» غا، بەزى مۇزىكانتلارغا تەڭكەش قىلىپ بېرىشىممۇ مۇمكىن.

— قىياسىمچە، يىغىلىش خېلى قىزىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. سىزنى قانچىلەردە ئالغىلى بارسام بولىدۇ؟

— سائەت سەككىزلەر ئەتراپىدا.

— بولىدۇ، يەنە نېمە ئېلىۋالسام بولار؟

— خالىسىڭىز بىرەر بوتۇلكا قىزىل ھاراق ئېلىۋېلىڭ. مەن تەلەپ بويىچە ئۇگرە تەييارلىماقچى.

— ياخشى گەپ. مەن ئۇ يىغىلىشقا ھازىردىن باشلاپ تەقەززا.

مۇزارتنىڭ ئاساسلىق كۈيلىرى يۇقىرى ماھارەت بىلەن بىرەر قۇر ئورۇنلىنىپ بولدى. ھەممىمىزنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، كەيپىيات قىزغىن بولۇپ، ئەمدىكى نۆۋەت ئېۋىگە كەلگەنىدى. راست گەپنى قىلغاندا، سەھنىدىكى ئېۋى ئىلگىرىكى چاغلارغا قارىغاندا، كەسپىي جەھەتتە ۋايىغە يەتكەن ئۇستا سەنئەتكارغا ئايلانغانىدى. ھېلىقى بوغالتىر بۇرادەر نۆۋىتى كەلگۈچە ئاللىبۇرۇن جىددىيلىشىپ بولغانىدى. ئېۋىدىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ بۈگۈنكى يىغىلىش ئۈچۈن ساق بىر يىل قاتتىق مەشىق قىلغانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئالدىمغا كەلدى.

— سىز ئېۋىنىڭ دوستىمۇ؟ مېنى خارۋېي دەپ چاقىرسىڭىز بولىۋېرىدۇ. لېكىن، بەك ئەپسۇس، ئىسمىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇردۇم. ئۇنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقى سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن ئېنىقلا چىقىپ تۇراتتى.

— قارىسام، سىز بۈگۈن نومۇر ئورۇنلىمايدىغاندەك قىلىسىز. قىياسىمچە، نوتا بىلىسىزغۇ

دەيمەن؟

ــــ قانداق دەيسىز؟

ــــ ماڭا سەھنىدە نوتا خاتىرىسىنى ئۆرۈپ بەرگەن بولسىڭىز.

ــــ ئەلۋەتتە، بولىدۇ. سىزدىن ياردىمىمنى ئايىمايمەن.

دەل شۇ چاغدا كۆزۈم باشقىلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان ئېۋىننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئېنىقكى، ئۇنىڭ كۆزلىرى «سىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن، بۇ مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇم ئەمەس!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىز سەھنىدىكى ئىشىمىزنى باشلاپ كەتكەنىدۇق. خارۋېيدا مۇزىكىغا نىسبەتەن تۇغما تالانتتىن ئەسەرمۇ بولمىغاچ، ھە دېسىلا چاندۇرۇپ قويۇۋاتتى. نۆۋەتتىكى سالاھىيىتىم ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولغاچقا، باشقىلارنىڭ كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ قولاقلىرىنى ئېتىۋېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتىم. مېنىڭ شۇ پەيتتىكى ھالىتىم خۇددى ئوپېراتسىيە ئۈستىدىكى پىراكتىكانت دوختۇرغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئىككىلىمىزنىڭ مەرھۇم ئۇستاز مۇزارتقا تېخىمۇ يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىمىز ئېنىق ئىدى.

ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئېگىز ـ پەس ئاڭلانغان چاۋاك ئاۋازلىرى بىلەن سەھنىدىن چۈشۈۋالدۇق. ئارقىدىنلا ئېۋى فاكۇلتېتتىكى كەسپداشلىرى بىلەن سەھنە تەرەپكە قاراپ ماڭغاچ ئاستا پىچىرلىدى:

ــــ ئېيپادىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى. يارايسىز، ماتېۋ!

ــــ تەرىپلىگىنىڭىزگە رەھمەت! ــــ مەن ئۇنىڭ قولىنى سۆيدۈم.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، مەن تەبىئىي ھالدا خارۋېي بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدىم. ناۋادا ئۇ مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ قالسا (ئۇنداق بولۇشىنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايتتىم!)، ئۇنىڭغا يەنە نوتا خاتىرىسىنى ئۆرۈپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىمنى دېدىم.

ئېۋى ۋەدىسىدە تۇرۇپ مېنى باشقىلارغا تونۇشتۇرغاندا، مېنىڭ ئىلگىرى مۇزىكانت ئىكەنلىكىمنى پەقەتلا ئېغىزغا ئالمىدى. پەرىزىمچە، ئۇ ئەڭ يېقىنلىرىغا مەن بىلەن كەلگۈسىدە تېخىمۇ يېقىن ھەمراھلاردىن بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى پۇرىتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ماڭا ئېۋىننىڭ تەرىپىنى قىلىپ ھارمايتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاردىدىكى بىرى مېنى ئايرىم قەدەھ سوقۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەسلىكىم ھەققىدە نەسىھەت قىلدى.

ــــ روگېر ئېۋىدىن ۋاز كېچىپ ھاياتىدا تولدۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىدىكى خاتالىققا يول قويدى. ئۇنىڭ ئازلا ئۆتمەي كارمېن تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئەخمەقلەرنىڭ قاتارىغا تىزىلىشىدا گەپ يوق. شۇ چاغدا ئۇ ئېۋىننىڭ پۇتىغا يىقىلمىسا قولىقىمنى كېسىپ بېرىمەن!

ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشى، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە ئېۋىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدۇم...

ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. مەن ئېۋىنى ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ كەلدىم. لىفىت باشقۇرغۇچى لۇيىگى ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ناۋادا ئېۋى مېنى تۇتۇپ قېلىش توغرىسىدا ئىككىلا ئېغىز گەپ قىلسا، سالاغا كېتىدىغىنىم ئېنىق ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىشلار ئارزۇيۇمدىكىدەك بولۇپ چىقتى.

ــــ يىغىلىشتا سىز بىلەن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭلىششقا زادىلا ئىمكان بولمىدى. ئۆيگە مەرھەمەت قىلىش ئويىڭىز يوقمۇ؟

ــــ چاتاق يوق، مەن تەشەببۇسكار ئىدىم.

ــــ قېنى مەرھەمەت. مەن قەھۋە دەملەي، سىز مەشىق ئۆيىدە ئولتۇرغاچ تۇرۇڭ. ساپ قەھۋە

ئىچەمسىز ياكى ...

— ئەڭ ياخشىسى ساپ بولسۇن.

— شۇنچە كەچ بولۇپ كەتسىمۇ، يەنە قايتىپ كېتىش خىيالىدىمۇ سىز؟

— بىر ھەپتىلىك ئىشىنچا ئىشلارنى شەنبە كۈنى كەچتە بىر تەرەپ قىلىش مېنىڭ كەسپىي ئادىتىم.

مۇزىكا مەشىق ئۆيىگە كىرىپ چىراغنى ياندۇردۇم. ئۆي ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا چىرايلىق لايىھەلەنگەن، تاملىرى ئاۋاز توسۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ماتېرىياللار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ۋالىلداپ يېنىپ تۇرغان خىرۇستال چىراغ كىشىگە ئاجايىپ بىر خىل رومانتىك تۇيغۇ ئاتا قىلىپ تۇراتتى. باس ئىسكىرىپكا دېرىزە يېنىغا مۇقىملاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۆينىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا قەدىمىي ئۇسلۇبتىكى چوڭ بىر پىيانىنو جايلاشتۇرۇلغانىدى. مەن پىيانىنو تەرەپكە ئەمدىلا قەدەم بېسىشىمغا، ئېۋۋى قەھۋە چەينىكىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى ۋە ماڭا قاراپ نازلىق تىكىلدى. مەن دەرھال بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم. ھەرىكەتلىرىم تەبىئىي، نەپەسلىرىم ھارارەتلىك ئىدى! مەن ئۇنى كىرىپسلوغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئاستا بېرىپ ئىشىكنى چىڭ يېپىۋەتتىم ...

راست گەپنى قىلغاندا، مەن شۇ ئاخشىمى بۇ دۇنياغا باشقىدىن ئاپىرىدە بولغانىدىم. مەن بەخت ئىلكىدە ئاستا كۆز ئاچقىنىمدا ئېۋۋى يېنىمدا ماڭا ئوتلۇق بېقىپ جىمجىت ياتاتتى. لېۋىدە تەبەسسۇم، خۇمارلىق كۆزلىرىدىكى بەخت نۇرى ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى. مەن يەنە بىر قېتىم ۋىسال دەرياسىغا ئىلدىراپ شۇڭغۇدۇم...

ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان شۇنچە يىللاردىن بۇيان مەن ھەتتا ئېۋۋىنى سۇغا چۆمۈلۈش كىيىمى بىلەنمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ سۇتتەك ئاپپاق بەدەنلىرى مەن ئۇچۇن بىباھا، يۈزى ئېچىلمىغان گۈزەل قىزنىڭ ۋۇجۇدىدەك تۇتىيا ئىدى! شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۇمشاق كۆكسى ئەقلىمنى لال قىلىپ، تاتلىق كۈلۈشلىرى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىۋەتكەنىدى. مەن يەنە بىر قېتىم ئۆزۈمنى چەكسىز لەززەت ئىلكىدە سەزدىم.

ۋاقىت تاڭغا يېقىنلىشىپ قالغان، باللار تېخى ئويغانمىغانىدى. بىز نائىلاجلىق ئىلكىدە ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ئېۋۋى لېۋىمگە ئوتلۇق مېھرى بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ، دەرھال ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى. مەن ئۆيئىچىنى تۈنۈگۈن كەچتىكى ھالىتى بىلەن چاندۇرماي يىغىشتۇرۇپ قويدۇم. باللارنىڭ بىزگە گۇمانلىق نەزىرى بىلەن تىكىلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم - يۇ، لېكىن مېنى كۆرۈپ چوقۇم خۇش بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم!

ئەتىگەنلىك ناشتىنى خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك خۇشال - خۇرام قىلدۇق. ناشتىدىن كېيىن باللار ھۇجرىلىرىنى يىغىشتۇرۇش ئۇچۇن كىرىپ كەتتى. بىز پەقەت شۇندىلا بىر - بىرىمىزگە قاراپ يېنىك تىنىدۇق.

— ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى بەكلا تېز بوپ كەتتىمۇ، قانداق؟ — سورىدى ئېۋۋى ماڭا ئوتلۇق بېقىپ.

— بىز تونۇشقان يىگىرمە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆزىمىز خالىغان ئىشنى ئاران ۋۇجۇدقا چىقاردۇق. ئەجەبا، سىز قوشۇلمامتىڭىز؟

ئېۋۋىنىڭ كۆزلىرى ئاللىبۇرۇن جاۋاب بېرىپ بولغانىدى ... ئەمدىكى گەپ بۇنىڭدىن كېيىن زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ گەرچە كۆزىمىز قولىمىزدىكى ئەتىگەنلىك گېزىتتە بولسىمۇ، لېكىن كاللىمىزدىكى سوئال ئورتاق ئىدى.

— ئۆيىڭىزگە قايتماقچىمۇ؟ — ئېۋۋى مېنىڭ ھالىتىمگە قاراپ سورىدى.

— شۇنداق خىيالدىمەن. كىيىملىرىمنى ئال ماشتۇرۇشۇم كېرەك.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— بىلمەيمەن، باشقىچە كۆرسەتمىڭىز بارمۇ؟

— باشلىنىش بولغانىكەن، ئاخىرلىشىشمۇ چوقۇم بولىدۇ. كېيىنكى كۈنتەرتىپنى قانداق ئورۇنلاشتۇراي دەيسىز؟

— جاۋاب ئاددىي. بىزگە سىزنىڭ پىيانىنويىڭىزنىمۇ قويۇشقا تارلىق قىلىدۇ. بالىلارنى ئەلۋەتتە ئويلىمىساق بولماس.

— سىزنى ئۆيۈمدە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلسام قوشۇلامسىز؟ مەسىلەن، بىرەر ھەپتە دېگەندەك.

— بالىلار نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟

— بۇنىڭدىن غەم يېمەي، ئۇلارنىڭ سىزنى ئەمدى ھەرگىز قويۇپ بەرمەسلىكىدىن ئەنسىرىسىڭىز بولىدۇ، ئەپەندى.

ھەممىدىن قىزىقى، ئەھۋال دەل ئېيۋىننىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقتى...

شۇنداق قىلىپ بىر ئاي ئىككى ئايغا، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئايلارغا سوزۇلۇپ بارماقتا ئىدى. بىركۈنى كەچلىكى گېپى ئوچۇق دېيبى تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى:

— ماتېۋ، مەن سىزنى دادا دەپ چاقىرسام بولامدۇ؟

مەن ئېيۋىنگە تىكىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم:

— مەن ئاپاڭلارنى خىللى خانىم دەپ ئاتىسام قوشۇلامدۇ، يوق؟ بۇ چوقۇم ئالدىنقى شەرت بولۇش كېرەك.

مەن مۇۋاپىق پۇرسەت تاللاپ بۇ سوئالنى كونكرېت سوراشقا ئاللىبۇرۇن ئىدىيەۋى تەييارلىق قىلىپ قويغانىدىم.

— ئاپا، ئاپا، — دەيبىنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى، — سىز قوشۇلامسىز؟ تېز دەڭا.

— مېنىڭمۇ بىر شەرتىم بار، — ئېيۋىننىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، — سىلەر ئىككىڭلار تويىمىزدا بىزگە قولداش بولۇپ بېرىشىڭلار كېرەك.

— قارىغاندا، يېڭى كىيىم كىيىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدىكەنمىز - دە؟ — لىلى يېنىمىزدا پەيدا بولدى.

— شۇنداق، قوزام، ئاز ئۆتمەي ھەممە نەرسىمىز ئەڭ يېڭى قىياپەتكە كىرىدۇ!

بىر ھەپتىدىن كېيىن سوتچى سېيدنى بولچەتو ئائىلىمىزگە كېلىپ، بالىلارنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئەر - خوتۇن بولغانلىقىمىزنى جاكارلىدى. ئىسكىرىپكىچى چېرچى ئېيۋىننىڭ قىز قولداشى، ياردەمچىم مورتېن ھورمان مېنىڭ يىگىت قولداشىم بولدى. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا چېرچىنىڭ ئېرى خارۋېي ئىسكىرىپكا بىلەن «توي مۇراسىم مارشى» مۇزىكىسىنى نەچچە يەردە ئادىشىپ دېگۈدەك ئورۇنلىغان بولدى. ئەمدىكى ئاساسلىق ئىش چوڭلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئىدى. ئىئوۋا ئىشتاتىدىكى قېيىنئانام ۋىبوست خانىمنىڭ تويىمىزنى قۇتلۇقلىغاندىكى ئاۋازىنى تېلېفون بولمىسىمۇ ئاڭلىغىلى بولامدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم ئېچىمدە.

— تويۇڭغا قاتنىشالماي كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم! — دېدى سىڭلىم تېلېفوندا مېنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ.

— كېرەك يوق، مىلاد بايرىمىدا ئاپام بىلەن سىلەرنى يوقلاپ بارغاندا تويىمىزنى باشقىدىن قىلىمىز.

— سېنى مۇبارەكلەيمەن، ئاكا، ئائىلەڭگە مەڭگۈ بەخت تىلەيمەن!

## ئون توققۇزىنچى باب

مەن كۈندىن - كۈنگە ھاياتنى كۆچكە تولۇپ كېتىۋاتقانلىقىمنى تويدىن كېيىن ھەقىقىي ھېس

قىلماقتا ئىدىم. تەنھالىقتا ئۆتۈپ كەتكەن مەنىسىز ھاياتىمغا ئېچىناتتىم. ئەسلەپ باقسام ئافرىقىدا ئۆتكەن كۈنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىرەرى بىلەن ئارىلىشىپمۇ باقمىغان، بولۇپمۇ نىكاھنىڭ بۇنداق سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. ئېۋى ئۆز مۇھەببىتى ئارقىلىق ھاياتىمغا ئىللىقلىق، تۇرمۇشۇمغا خۇشاللىق ئاتا قىلىش بىلەن، مېنىڭ ئىلگىرىكى كاج مىجەزىمنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، ماڭا يەنە قانداق دادا بولۇشنىڭ يوللىرىنىمۇ ئۆگەتمەكتە ئىدى.

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ كەلدىم. روگېر بۇ جەھەتلەرگە سەل قاراپ كەلگەنىدى، مەن ئائىلە ئىشلىرىدا ئاستا-ئاستا تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتكەنىدىم. تەسەۋۋۇرۇمدا ئېۋى بىلەن خۇددى ئەزەلدىن بىللە ئۆتۈپ كەلگەندەك ھېسسىياتتا ئىدىم.

بىزنىڭ يېقىندىن بۇيان يېتىلدۈرگەن ئادىتىمىز تىياتىرخانىغا بېرىش، قايتىشىمىزدا كەچلىك مەنزىرىلەرنى سەيلە قىلغاچ، نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش ئىدى. بۇ ھال بىزنىڭ ھېسسىياتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بارماقتا ئىدى. شۇنداق پەيتلەرنىڭ بىرىدە ئېۋى دادىللىق بىلەن يېڭى بىر قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— سىز ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ مەن تېخى قېرىپ كەتمىدىم، سىزدىن يەنە بىر پەرزەنتلىك بولغۇم بار.

— قانداق قىلىپ بۇ خىيالغا كېلىپ قالدىڭىز؟ — مەن سەممىيلىك بىلەن سورىدىم، — ئوماق قىزلىرىڭىزنى قاتارغا قوشۇشمۇ ئاسان ئەمەس جۇمۇ؟

— ئىككىمىزنىڭ ئورتاق بالىسى بولۇشنى خالىمامسىز؟

مەن تاللا بازىرىنىڭ نەرسە-كېرەك سالىدىغان كىچىك ھارۋىسىنى ئىتتىرىشتىن توختاپ قالدىم. كاللام زىددىيەتكە تولغانىدى. ئۆزىنىڭ ھە قىقىي پۇرەك پارىسى، ھاياتىنىڭ ۋارىسى بولۇشنى قايسىبىر دادا خالىمىسۇن؟

ئېۋى بايىقى گېپىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

— ئويلىنىپ بېقىشىم ئۈچۈن بىرئاز ۋاقىت بېرىشىڭىز كېرەك، ئېۋى.

— بولىدۇ. لېكىن، ئەستايىدىل بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئېۋىنىڭ قاپاقلىرى سىلىنىپ كەتكەنىدى...

— يەنە بىر-ئىككى ئاي ئۆتۈپ باقسۇن، — دېدىم مەن ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ.

يېڭى بەرپا قىلىنغان بۇ ئائىلەمگە بارغانچە مېھرىم چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى لىلى كۈتۈلمىگەن بىر ئىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى ئۇ بۈنىڭدىن ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق كېچىلىكتە خوراتسىي مان ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى پاۋلو ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى بىلەن تونۇشۇپ قالغان بولۇپ، پاۋلونىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ شەرقىي خامپتوندىكى ئاتا-ئانىسى تۇرۇشلۇق داچىسىغا يەكشەنبىنى ئۆتكۈزۈشكە بارماقچى ئىكەن.

— بىز بۇ ھەقتە ئەستايىدىل ئويلىنىپ قارار چىقىرىشىمىز كېرەك، قىزىم، — ئېۋى بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئۆزىنى ئاران دېگۈدەك تۇتۇۋالغانىدى، — ئالدى بىلەن بىز ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشىمىز كېرەك. بۇ ھەممىدىن مۇھىم. ئۇلارنىڭ ئىسمى...

— خوللاند! بۇ سىز ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىممۇ؟

— ئۇلار بىلەن سۆزلەشسەك ئالدى بىلەن

ئۇلارنى نېمىدەپ چاقىرىشنى بىلىۋېلىشىمىز كې-
رەكتە! — مەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم.

— سىز كىمنى دېمەكچى؟

— دېمەكچى بولغىنىم خوللاند ئەپەندى، يەنى پاۋلونىڭ دادىسىنى!

— كەچۈرۈڭ ماتېۋ. بۇ ئىشنىڭ سىز بىلەن ئانچە ئالاقىسى يوققۇ دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەرگە سىنىپىمىزدىكى باشقا ساۋاقداشلارمۇ بارىدۇ. ئۇلار ئاپامغا تونۇشلۇق.

ئېۋىنىڭ كۆزلىرىدىن بۇ ئىشقا زادىلا قوشۇلمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ لىلى، — مەن ئۇنىڭغا ئەستايىدىل چۈشەندۈردۈم، — مەن ئىلگىرى بۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسى بولمىغاچ، سىزنىڭ ئۈسۈپ يېتىلىشىڭىز ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرەلمىدىم. بىراق، ھازىر ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. مەن چوقۇم سىزگە ھەمراھ بولۇشۇم كېرەك.

— ھەمراھ بولۇش! ئاھ تەڭرىم، سىز ھازىر قانچىنچى ئەسىرنىڭ ئادىمى؟ گېپىڭىز بىرئاز ئېشىپ كەتتىمۇ، قانداق؟

— بېرىشىڭغا مەن قەتئىي قوشۇلمايمەن، لىلى! — ئېۋى گېپىنى ئۈزۈۋەتتى.

لىلى ماڭا قارىدى.

— ئاپام مېنى سىزنىڭ ئىدىيەڭىز بويىچە بۇ ئىشتىن توسۇۋاتىدۇ. شۇنداقمۇ ماتېۋ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ لىلى؟ — ئېۋى ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئۇ ئائىلىمىزدە پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ھەممە ئىشلار ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇنىڭدا لاياقەتلىك دادا بولۇشقا مۇناسىپ تەجرىبە بەكلا كەم ئىكەن، ئاپا.

— سېنىڭ ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىش سالاھىيىتىڭ يوق! — ئېۋى ئەمدىلىكتە ئۆزىنى زادىلا تۇتالماي قالغانىدى، — سېنىڭ ئۆز دادىڭ، ھەتتا چۈشىدىمۇ ئۇنى دورىيالمايدۇ. ئىلگىرى دادىڭ ئۆيدە بولمىغاچ، مەن سېنى مۇشۇنداق باشباشتاق ئۆگىتىپ قويغان ئوخشايمەن. شۇنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى، سەن ھازىر كىچىك بالا ئەمەس!

— ئەگەر مۇشۇ نۇقتىنى ھېس قىلغان بولسىڭىز، — ئۇ ئاپىسىغا تەرسالىق بىلەن گۈلەيدى، — بۇ ئىشنى ئەمدى تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، — دېدى ئېۋى لىلىگە مىختەك تىكىلىپ، — بىز ئاخىر ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىنى تېپىپ چىقتۇق. سەن ھازىر ھۇجراڭغا كىرىپ ماتېماتىكا تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلىگىن. مەن ماتېۋ بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلىشىپ كۆرەيلى. ئەگەر بىز خوللاند ئائىلىسىگە تېلېفون بېرىشنى مۇناسىپ دەپ قارىساق، ئۇلارنىڭ قانداق نازارەت تەدبىرلىرى بار ئىكەنلىكىنى سوراۋشتۇرۇپ كۆرەمىز.

— سىلەر ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا يۈزۈمنى تۆكۈۋېتىدىغان ئوخشايسىلەر!

— ئۇلار تېلېفونىمىزنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپمۇ يۈرمەس، — مەن ئامال بار ۋەزىيەتنى ياخشىلاش ئويىدا ئىدىم، — ناۋادا ئاپىڭىز قاراردىن يېنىپ قالسا...

— مەن سىلەرنىڭ بۇنداق كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋېلىشىڭلاردىكى مەقسىتىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن.

— چۈشەنسىڭىزلا بولاتتىغۇ؟ سىزگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىشتا قارار چىقارماقچى بولساق، دەرسىڭىزگە تەسىر يېتىش - يەتمەسلىك مەسىلىسىنى ھامان ئالدىنقى ئورۇنغا قويىمىز.

— قارارىڭلار چىققۇچە مەن پاۋلوغا نېمە دەيمەن؟

— پاۋلو سىزنىڭ تەرىپلىگىنىڭىزدەك

ئەقىللىق يىگىت بولسا، بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى تېخىمۇ چۈشىنىدۇ.

— بولمايدۇ، بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭغا چوقۇم قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك.

— نېمە ئۈچۈن؟ — مەن قىزىقىپ سورىدىم.

— چۈنكى، ھەممىمىز بۈگۈن ئاخشام شۇنداق قىلىشقا پۈتۈشكەن، — لىلى بىزگە سوغۇق بىر نەزەر تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

— لىلىنى بارغۇزمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىز پاۋلوغا باشقا بىر دوستىنى تەكلىپ قىلىپ بېرەمدۇق، قانداق؟ — مەن ئېۋىگە چاقچاق قىلدىم.

بۇ چاغدا «جالاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن لىلى ھۇجرىسىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى.

— مۇشۇ سۆزۈڭلارنى دوستلىرىم ئاڭلاپ قالسا نېمىدېگەن سەت ئەمدى! — لىلى ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغانىدى، — سىلەر ئىسمى - جىسمىغا خاس توپان بالاسىدىن ئاۋۋالقى بىر جۈپ تەلۋىگە ئوخشاپ قالدىڭلار!

— پاھ، پاھ! — مەن قايىللىق بىلەن باش بارمىقىمنى چىقاردىم، — «توپان بالاسىدىن ئاۋۋالقى» ... بۇ ئاجايىپ ئوبرازلىق ئوخشىتىش بولدى! تىل بايلىقىڭىزنى تۆۋەن مۆلچەرلىسەك بولمىغۇدەك جۇمۇ، لىلى!

— سىز ماتېۋ، — ئۇ بېگىز بارمىقى بىلەن مېنى كۆرسەتتى، — سىز بىلەن ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتىم يوق. سىز ئائىلىمىزنىڭ خۇشاللىقىنى ئويلىسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ئىلگىرىكىدەك تەجرىبىخانىڭىزغا بېرىپ ماكانلىشىڭ!

لىلى ھۇجرىسىدىن قانداق سۈرئەتتە چىققان بولسا، يەنە شۇنداق سۈرئەت بىلەن كىرىپ كەتتى. بىز يا كۈلۈشىمىزنى ياكى يىغلىشىمىزنى بىلەلمەي، بىر - بىرىمىزگە تىكىلگىنىمىزچە قېتىپلا قالغاندۇق ...

قىسقىسى، مېھمانخانا بىلەن لىلىنىڭ ھۇجرىسى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جىددىي «پارتىزانلىق ئۇرۇش» تاكى تۈن نىسپىگىچە داۋاملاشتى، لىلىنىڭ پوزىتسىيەسى قاتتىق ئىدى. ئۇ پەقەت «ئاخىرقى قېتىم ئويلىنىپ باقايلى!» دېگەن ئاخىرقى كاپالەتنامىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇخلاشقا ئۇتۇندى.

— قانداق قىلساق بولار؟ — ئېۋى راستىنلا ئامالسىز قالغانىدى.

— مەنمۇ گاڭگىراپلا قالدىم، — دېدىم مەنمۇ مۈرەمنى قىسىپ، — يەنە بىر باللىق بولۇش ئېھتىمالىمۇ قايتا ئويلاشقىنىم يوق. قەدىرلىكىم ...

ئىككىنچى يىلى يازدا مەن خەلقئارالىق نېرۋا كېسەللىكلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى رىمدا ئېچىلماقچى بولۇپ، مەن يىغىندا دوكلات بېرىشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغانىدىم. مەن خېلى كۈنلەرگىچە بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتىم، ئېۋى ئەندىشەمنى سېزىپ تۇراتتى.

— نېمىدىن ئېھتىيات قىلىۋاتىسىز، ماتېۋ؟ سىلۋىيەنىڭ يەنە باشقىدىن قەلبىڭىزگە بۆسۈپ كىرىشىدىن ئەنسىرەۋاتمايدىغانسىز؟

— ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن نېمىگە ئەنسىرىگۈدەكمەن، قارىغاندا، سىز ئەنسىرەۋاتقان ئوخشايسىز.

— ئۇنداقتا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشالماسلىقتىن ئەنسىرەۋاتقان ئوخشىمامسىز؟

— مەن ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمىدىم. پىكرىمگە ھۆرمەت قىلىشىڭىزنى سورايمەن.

— بولىدۇ. گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن، — دېدى ئېۋى تاقەتسىزلىك بىلەن.

— مېنىڭچە، ئىتالىيە پەقەتلا بىر گۈزەل دۆلەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تازا مۇشۇ مەزگىل-

لەردە سەنئەتكارلارنىڭ جەننىتىگە ئايلىنىپ مۇزدكا كېچىلىكلىرى قىزىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، كاركاللا چوڭ هامامى[①] ، ئېلىلىپس شەكىللىك ۋېرونا ماهارەت كۆرسىتىش مەيدانى قاتارلىق جايلار بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى. بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى سىزنىڭمۇ قولدىن بېرىپ قويماسلىقىڭىزنى سورايمەن، قانداق؟ مەن بىلەن بىر ئايلىق ساياھەتكە مەيلىڭىز بارمۇ؟

ئېۋى كېلىپ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. مەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم:

— ماڭا بۇنداق چاپلىشىۋالسىڭىز، ئىلمىي ماقالەمنى قاچانمۇ پۈتكۈزەلەيمەنكىنتاڭ؟

ماقالەمنىڭ تېمىسى ۋە مەزمۇنى توغرىسىدا ئاللىبۇرۇن ئىدىيەدە تەييارلىقىم بار ئىدى، يەنى چېرچى لېپتوننى داۋالاشتىكى ئەمەلىيەت ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە نەپەر ئوخشاش دىياگنوزدىكى بىمارنى داۋالىغاندىكى تەجرىبىلىرىم ماقالەمنىڭ ئەڭ ياخشى خام ماتېرىيالى ئىدى. ئېۋى مەن ئۈچۈن پايپېتەك ئىدى. ئىلمىي ماقالەم پۈتكەندىن كېيىن ئېۋىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆيىمىزدە بىر نەچچە قېتىم ماقالە ئوقۇش مانېۋىرى ئۆتكۈزگەن بولدۇم.

ئىتالىيە ئاخبارات ۋاستىلىرى ئەتراپىمدا پەرۋانە ئىدى. كۆزلىرىم بىلىپ ـ بىلمەي دېگۈدەك «كەچلىك گېزىت» تىن كەلگەن مۇخبىرلارنى ئىزدەيتتى. ئېۋى سىرتقا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشقا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مېھمانخانا باش ئاپپارات بۆلۈمىگە بېرىپ، مىلان شەھىرىنىڭ تېلېفون ئالاقىلىشىش خاتىرىسىنى تەپسىلىي ئاختۇرۇپ چىقتىم. لېكىن، مەن ئىزدىگەن شەخسنىڭ نومۇرى پەقەتلا يوق ئىدى.

ئېۋى ۋېنىتسىيەگە بېرىشنى ئەزەلدىن ئۈمىد قىلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، مەن ئامېرىكىغا قايتىشتىن ئىلگىرىكى بىر ھەپتىنى ۋېنىتسىيەدە ئۆتكۈزۈشنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئېۋىنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتتىم. خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك بۇ گۈزەل شەھەرنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى تەسەۋۋۇر ـ مىزدىكىدىنمۇ مەپتۇنكار ئىدى. بىز سايىنت مارك چېركاۋىدا گىئۇۋەننى گابرىلىنىڭ مۆڭلۈق مۇزىكىلىرىدىن، بوۋى مەريەم چېركاۋىدا تىتىئانىسكى[②] ئىجاد قىلغان ئاجايىپ ھەيۋەتلىك رەسىملەردىن ھوزۇرلانغاچ، ئالبىنونى[③] نىڭ سېھىرلىك كۈيلىرىدىن قانغۇچە بەھرىلەندۇق.

ئىككىنچى كۈنى بىز ۋېنىتسىيە تىياتىرخانىسىنى زىيارەت قىلدۇق. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، «چوغلۇق قىز» دىرامىسى دەسلەپتە مۇشۇ قەدىمىي تىياتىرخانىدا ئوينالغانىكەن. كۆزلىرىم سەھنىدە، كۆڭلۈم پەرىشان ئىدى. چۈنكى، مەن سىلۋىيە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشىمىزدا مۇشۇ دىرامىنى كۆرگەنىدۇق ...

بىز دانىيېل مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەلدۇق.

ئېۋى ئەزەلدىن ئۆزىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى. مەن مۇنچىدىن چىققىنىمدا ئېۋى چوڭ ئەينەك ئالدىدا ئۆزىگە ئىنچىكە سەپسېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— فىگۇرىڭىزغا گەپ كەتمەيدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئېۋى چۆچۈپ دېگۈدەك ماڭا يۈزلەندى. ئوڭايسىزلانغانلىقىدىن يۈزى شالپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

— سىزنى يۈيۈنۈپ بولمىدى دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، — ئۇ يان تەرەپكە قارىۋالدى، — بىلىمەن، سىز كۆڭلۈمنى ئاياۋاتىسىز. لېكىن، ئۆزۈم

① كاركاللا چوڭ هامامى 217 ـ يىلى قەدىمكى رىملىقلار تەرىپىدىن ياسالغان.

② تىتىئانىسكى (1490 — 1576 ) — ئىتالىيەلىك دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە داڭلىق رەسسام.

③ ئالبىنونى (1671 — 1750) — ئىتالىيەلىك كومپوزىتور.

نىڭ بارغانچە سەمرىپ ئېسكەتىمدىن كېتىۋاتقانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان.

— ئۇنداقمۇ ئەمەسقۇ؟

— ئېغىرلىقىم ئىلگىرىكىدىن بەش قاداق ئېشىپ كېتىپتۇ.

— ئەنسىرىمەڭ، ئۆزىڭىزگە شۇنداق بىلىنگەن ئوخشايدۇ.

— ئەتىدىن باشلاپ چېنىقىشنى باشلاي دەيمەن. قانداق؟ بىللە چىقامدۇق؟ كۆزىڭىزگە سەت كۆرۈنۈپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن، ماتىۋ.

— ۋېنىتسىيە كوچىلىرىنىڭ ھەممىسى سۇ تۇرسا، نەگە بېرىپ چېنىقىمىز؟

— باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، سەھەر پەيتىدىكى ساينىت ماك مەيدانى نيۇيورك مەركىزىي باغچىسى كۆلىنىڭ ئەتراپىغا تولىمۇ ئوخشايدىكەن. مەيلىڭىز قانداق؟

— چاتاق يوق.

ئەتىسى ئورنىمىزدىن سەھەر تۇرۇپ ساينىت ماك مەيدانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. مەيداندا چېنىقىۋاتقانلارنىڭ تولىسى دىگۇدەك ئامېرىكىلىق تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرى ئىدى. مەن يېنىمدا يۈگۈرۈۋاتقان ئېۋىنگە قىيا تىكىلدىم. ئۇنىڭ چاچلىرى تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مېنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەنلىكى ئۇچۇنلا مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. مەن ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتىم. شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن ماس قەدەمدە مەڭگۈ يۈگۈرۈشكە رازى ئىدىم. چۈنكى، تۇرمۇشتا پىشقان بىر چوكان بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش بىلەن ئەينى چاغدىكى يىگىرمە ياشلىق قىزنى بىر كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قېلىشنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى پەرقىنى ئاستا - ئاستا ھېس قىلماقتا ئىدىم. ناۋادا ھايات قىسمەتلىرى مېنى قېرىتىپ كۈچ - مادارىمدىن ئايرىۋەتسىمۇ، ئېۋىنىڭ مېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىغا، ھېسسىياتىمىزنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتىم ...

كۆڭلۈمدە سىلۋىيەنى خۇددى كېتىس[①] نىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھېلىقى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس گۈزەل قىزچاققا ئوخشاتتىم. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئايرىلغاندىكى ئۇنىڭ سىيماسى ھېلىھەم تەسەۋۋۇرۇمدا قىلچىمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى. دېمەك ئۇ قەلبىمدە ھېلىھەم ئەينى چاغلاردىكىدەك گۈزەل ۋە شوخ ئىدى. شەخسىيەتچىلىك بىلەن ئېيتقاندا، رېئاللىقتىكى ئېۋىنى تەسەۋۋۇرۇمدىكى سىلۋىيەگە سېلىشتۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم.

ناۋادا سىلۋىيە بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالسام ھېسسىيات جەھەتتە قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىم پەقەت ئۆزۈمگىلا ئايدىڭ ئىدى. ئېھتىمال مۇشۇ بىر ئايدىن بۇيان سىلۋىيە يېنىمدىن نەچچە قېتىم ماڭا ئۈمىد بىلەن تىكىلگىنىچە ئۆتۈپ كەتكەندۇ. مەن بولسام ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئايال زاتىغا قاراش ئەركىنلىكىمنى ئۆزۈم بوغۇپ كەلگەچكە، بۇنى سەزمىگەندىمەن. ئېھتىمال ئۇمۇ بۇ چاغقىچە بىرنەچچە بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ، چاچلىرى ئاقىرىپ ھەقىقىي بىر ئائىلە ئايالىغا ئايلىنىپ قالغاندۇ ۋە ياكى ئېۋىنگە ئوخشاش قايتىدىن بەختىنى تاپقاندۇ. ئېشقىلىپ، قەلبىمدە يەنىلا ئۇنىسىز ياد ئېتىدىغىنىم ئاشۇ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتكەن ۋاپاسىز جانان ...

بىز يۈگۈرۈشتىن توختىدۇق. بۇ مېنىڭ تەلىپىم ئىدى.

— نېمە بولدى سىزگە؟ ساغلاملىق ئەركىسى! — ئېۋى بىلىنەر - بىلىنمەس ھاسىرايتتى، — قەددىڭىزنى تىكرەك تۇتمامسىز!

— توغرا دەيسىز، سىزدەك ياش ۋە چىرايلىق ئايالىم ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق قىلىمەن، — مەن

① كېتىس (1795 — 1821) — ئەنگلىيەلىك شائىر.

ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدۈم.

بۇ چاغدا سايىنت ماك مەيدانى قۇياش نۇرىغا چۆمگەن، قەلبىممۇ مېھرى - مۇھەببەتكە تولغانىدى.

## يىگىرمىنچى باب

شۇنداق، كېيىنكى ھاياتىمىز خۇددى بېتخوۋېنىڭ «تىمتاسلىقتىكى ئېكىنزار» كۈيىدەك جىمجىت، لېكىن تولىمۇ بەختلىك ئۆتمەكتە ئىدى. لېكىن، بىر كۈنى خۇددى جىمجىت كۆك ئاسماندا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك نىك رىناردىنىڭ ھېلىقى نەس باسقۇر تېلېفونى ئەنسىز جىرىڭلاپ، سىلۋىيە يەنە باشقىدىن تۇرمۇشۇمغا كىرىپ، ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىسكەنجىسىدىن ئەمدىلەتىن قۇتۇلغان يۈرىكىم باشقىدىن تىپچەكلەشكە باشلىدى ...

مەن باشتىلا بۇ ئىشتىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالغان بولسام، كېيىنكى ئىشلار ھەممىمىزگىلا ئاسان توختىغان، ھەرگىزمۇ ئازابلىق ئاخىرلىشىش قەلبىمنى لەختە - لەختە قىلىۋەتمىگەن بولاتتى. لېكىن، شۇ چاغدا مەندە ئالاھىدە بىر خىل ھېسسىيات، يەنى «ئۇ ھازىر قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟» دېگەندەك ئۆزگىچە بىر خىل قىزىقىش قەلبىمنى ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى.

مەن چوقۇم ئېۋى بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىشىم كېرەك ئىدى! شۇڭا، ئېۋىگە تېلېفون بەردىم. ئېۋى تېلېفوننى ئېلىپلا بىر خىل سەزگۈرلۈك بىلەن سورىدى:

— نېمە بولدى، ماتېۋ؟ ياكى بالىلار...

— بالىلارغا ھېچنېمە بولمىدى.

— ئۇنداقتا سىزگە ھېچنېمە بولمىغاندۇ؟

مەن بىرپەس تۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا نىكنىڭ تېلېفونى ھەققىدە چۈشەنچە بەردىم. ئۇنىڭ سىلۋىيەنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندىكى ھالىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇ پەيتتىكى ھېسسىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتىم. مەن سىلۋىيە بىلەن كۆرۈشۈشتىكى ئاساسىمنى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭغا قىسقىچە بايان قىلدىم. ئېۋى خېلىغىچە لام - جىم دېمەي تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— سىز ئۇنىڭغا راستىنىلا ياردەم قىلالامسىز؟

— ئېھتىمال، لېكىن تازا خاتىرجەم بولالماي ۋاتىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇ ھازىر پەقەت بىر بىمارغۇ شۇ. ئەجەبا، ئۇنداق ئەمەسمۇ؟

مەن دەرھال جاۋاب قايتۇرالمىدىم.

— قارىغاندا، ئۇنداق دەپ قارىمايدىغان ئوخشىمامسىز؟ ئاھ پەرۋەردىگارىم!

— ئەلۋەتتە شۇنداق! — ئاۋازىم تولىمۇ پەس ئىدى.

— ئۇنداقتا سىز يەنە نېمىدىن ئەنسىرەيسىز؟ سىز ئەخمەق ئەمەس ماتېۋ. ئىشلار چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. سىز ئۇنى چوقۇم داۋالاپ ساقايتالايسىز. شۇنداق قىلالىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭمۇ يۈرەك يارىڭىزنى ساقايتقان بولىسىز. مېنى ساقلاپ تۇرۇڭ. ھازىرلا سىزگە تېلېفون قايتۇرىمەن.

مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئورنىغا قويغاچ ئويلىنىپ قالدىم. مەندە ئېۋىگە ئوخشاش ئىشەنچ بارمۇ، يوق؟ ...

مەن نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇم؟ ناۋادا سىلۋىيە بىلەن كۆرۈشسەم زادى نېمىگە ئېرىشىشىم مۇمكىن؟ ئۇنىڭ مېنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىنى ئاڭلاش ئۈچۈنمۇ ياكى ھېسسىيات جەھەتتىن ئۆزىمىزنى سوتلاش ۋە ياكى جازالاش ئۈچۈنمۇ؟ ھازىر بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىمىز ئۆزگەرگەن. ئۇ ھازىر كېسەل ئازابىدىكى دوختۇر.

مەن بولسام ئۇنى داۋالاش ئىقتىدارىغا ئىگە مۇتەخەسسىس. مەن ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراۋاتامدىم، قانداق؟ ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇنىڭ هايات ياشاۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتىم. چۈنكى، مەن گېزىت - ژۇرناللاردىن ئۇنىڭ توي قىلغانلىقى، ئىككى باللىق بولغانلىقى، باياشات تۇرمۇشتىن قانغۇچە هۇزۇر ئېلىۋاتقانلىقى هەققىدىكى يەنە نۇرغۇن پاساھەتلىك خەۋەرلەرنى كۆپ قېتىم ئوقۇغانىدىم. لېكىن، ئۇ شۇ كۆڭۈللۈك مىنۇتلاردىن، مۇھەببەتلىك باغاشلاشلاردىن چەكسىز لەززەت ئىلكىدە ئىگراۋاتقانلاردا مېنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ يادىغا ئېلىپ باققانمۇ؟

ئويلىغانسېرى قېنىم قىزىپ، چىشلىرىم غۇچۇرلايتتى. قەلبىمدىكى ھىجران، يۈرىكىمدىكى پىغاننىڭ تۇيۇقسىزلا باشقىدىن كۆچىيىپ ئازاب ئىلكىدە بۇنچىلىك تولغىنىپ كېتىشىمنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدىم. چۈنكى، ئۆزۈم بەرپا قىلغان بەخت ئىلكىدە ئۇنىڭ سىيماسى مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغانىدى. لېكىن ...

دەل شۇ ۋاقىتتا كاتىپىم مېھمانلارنى ئىشخانامغا باشلىدى.

— نىك رىنناردى ئەپەندى بىلەن خانىمى كەلدى.

تەلىيىمگە ئاۋۋال كىرگىنى مېنىڭ ئىلگىرىكى سۆيگۈ رەقىبىم نىك رىنناردى ئىدى. سىلۋىيەنىڭ مېنى تاشلاپ تاللىغان ئادىمىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ بېقىش ئويۇم ئاخىر ئەمەلگە ئاشقانىدى.

بويى ماڭا قارىغاندا ئېگىزرەك كەلگەن نىكنىڭ يەلكىلىرى كەڭ، گەرچە سۇنئىيرەك بولسىمۇ، تۇرقىدىن مۆتىۋەرلەرگە خاس سالاپىتى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ياخشىمۇ سىز؟ خېللي دوختۇر! — دېدى ئۇ قولۇمنى سىقىپ ماڭا مىختەك تىكىلگىنىچە، — سىزنىڭ بىزنى بۇنداق تېز قوبۇل قىلغانلىقىڭىزدىن تولىمۇ خۇشالمەن.

— قېنى مەرھەمەت!

سىلۋىيە ئاخىر كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. ئۇ ھېلىھەم چىرايلىق ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاۋۋالقىدەكلا نۇرلۇق بولۇپ، شۇنچە ۋاقىت ئاغرىق ئازابىنى تارتىپمۇ ئەينى چاغلاردىكى گۈزەللىكى ۋە لاتاپىتىدىن كەتمىگەنلىكىگە ئەقلىم ھەيران ئىدى. ئۇ ئەينى چاغلاردا مېنىڭ پۈتكۈل ھېسسىياتىمنى ئۆز سېھرى بىلەن ئەسىرگە ئالغان بايىقى كۆزلىرىنى كۆزلىرىمدىن قاچۇردى ۋە ئاستا پىچىرلىدى:

— قايتا كۆرۈشكەنلىكىمىزدىن خۇشالمەن!

ئۇ مېنىڭدىن ئەيمىنىۋاتاتتى. ياق، مېنىڭدىن قورقۇۋاتاتتى! مەن ئۇنىڭ بايىقى قاراشلىرىدىن، ھاياجان ئىلكىدە تىترەپ تۇرغان پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن مەن ئىلگىرى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ھازىرقى زىددىيەتلىك يۈرىكىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتاتتىم. يۈرىكىم ئېغىپ، قوللىرىم يېنىك تىترەۋاتاتتى. ئۇلار ئۈستىلىم ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. سىلۋىيەنىڭ ئاپپاق، ئەۋرىشىم قوللىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىۋالغان بۇ غالىب مۆتىۋەرگە قاراپ، لاسسىدە بولۇپ قالدىم. دېمەك، ئۇ شۇ ئارقىلىق مېنىڭدىن يارىدەم تىلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سىلۋىيەنىڭ ھامان ئۇ زىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. سىلۋىيە بولسا كۆزلىرىنى مېنىڭدىن قاچۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— سىز ئايالىمنىڭ كېسەللىك تارىخىنى كۆرۈپ بولدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — نىك ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— شۇنداق، نىك ئەپەندى. تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم.

— ئۇنداقتا؟

— ئۆسمە تەرەققىي قىلىپ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قاپتۇ. ئېھتىمال بۇ خەۋەر سىلەرگە يېڭى تۇ

يولمىسا كېرەك.

ئۇ سۆزلىرىمدىن بىر خىل تەنقىدىي پۇراقنى سەزدى بولغاي، سالماقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئەمەلىيەتتە، مەن بۇ ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلغان. لېكىن، تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرلىرىنىڭ ئوپېراتسىيە پىچىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمىدىم. شۇڭا، ئايالىمنىڭ كېسەللىكىگە قارىتا خىمىيەلىك داۋالاشنى كۆپرەك ئېلىپ باردۇق.

ئۇ ئۆزىنى ئاقلاۋاتاتتى. مەن بولسام ئۇنى ئىچىمدە قارغاۋاتاتتىم. گەرچە ئۇ بىمارنىڭ ئېرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىمارنىڭ داۋالىنىشىغا چەك قويۇش سالاھىيىتى يوق ئىدى. مەن كېسەللىك تارىخىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشىم، بولۇپمۇ ئوفتالمومېتىر ئارقىلىق ئۆلچەملىك ئۇسۇلدا ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىنى تەكشۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. مەن دوختۇرلۇق ھاياتىمدا بۇ خىل تەكشۈرۈشلەرنى قانچە قېتىم قىلغانلىقىمنى ساناپ بېرەلمەيمەن. لېكىن، بۇ خىل تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە سىلۋىيەنى داۋالاش بىلەن بۇنچىلىك باغلىنىشلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئويلىمىغانىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە داۋالاشنىڭ ھەربىر ھالقىسىغا تېخىمۇ سەل قاراشقا بولمايتتى. چۈنكى، كۆز ئالدىمدىكى بىمار ئادەتتىكى بىمار ئەمەس، بەلكى سىلۋىيە ئىدى...

— رىناردى خانىم. ئەگەر قوشۇلسىڭىز، بەزى تەكشۈرۈشلەرنى ھازىردىن باشلىساق.

سىلۋىيە بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى. مەن كۈمۈش رەڭلىك كۆز تەكشۈرۈش ئەسۋابىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش بىلەن تەڭلا سىلۋىيەنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن كېلىۋاتقان ئەتىرنىڭ پۇرىقى مېنى بايىقى غايىۋى چۈش ئىلكىدىن بىراقلا رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى. مەن قەددىمنى ئاستا ئېگىپ، ھاياتىمنىڭ تەڭ يېرىمىدىن ئىلگىرى مېنى ئۆزىگە تامامەن ئەسىر قىلغان بىر جۈپ سېھىرلىك كۆزنى بايىقى ئەسۋاب بىلەن تامامەن ئىلكىمگە ئالدىم...

پېشانىمىز تېگىشىپ تۇراتتى. يۈرىكىم بولسا ھاياجان ئىلكىدە تىپچەكلەيتتى. ئۇنىڭ بەدىنى ماڭا يات ئەمەس ئىدى. لېكىن، مەندە ئۇنى ئىلگىرى سۆيگەندىكى، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى سىلىغاندىكى نازۇك ھېسسىيات باشقىدىن باش كۆتۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قارىتا ئەرلىك ئىنتىلىشلىرىمنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئۆز پېتى ساقلىنىپلا ئەمەس، بەلكى ئەمدىلىكتە بارغانچە ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتقانلىقى مېنى تەمتىرىتىپ قويۇۋاتاتتى...

— سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداقكىن دوختۇر؟ — ئېھتىمال رىناردى مەندىكى ھېسسىياتنى سېزىپ قالدى بولغاي پىكرىمنى چېچىۋەتتى.

مەن ئۇنىڭ سوئالىغا ئالدىراپ جاۋاب بەرمەي، سالماقلىق بىلەن ئۆز ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم. كۆڭلۈمدە بولسا سىلۋىيەنى داۋالاشتىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىش ئىستىكى باشقىدىن باش كۆتۈرگەنىدى.

— ئەپەندى. مەن بۇ ھەقتە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆردۈم. ئەڭ ياخشىسى باشقا دوختۇرنى ئىزدەپ كۆرگەن بولساڭلار، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

— لېكىن، سىز... — ئۇ ماڭا قاراپ چەكچەيدى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، باشقىچە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ باقساڭلار. چۈنكى، بىمارنى داۋالاشتىكى ئەڭ ياخشى ئامال گېن ئارقىلىق داۋالاش. بۇ ھەقتە باشقا دوختۇرلارنىڭمۇ، مەسىلەن، سانتىياگودىكى چۇگار دوختۇرنىڭمۇ سەۋىيەسى مېنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرسا تۇرىدۇكى، ھەرگىز تۆۋەن ئەمەس.

سىلۋىيە ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئېرىگە تىكىلىپ، نېمىدۇر دېمەكچى بولۇشىغا، رىناردى قول

ئىشارىتى بىلەن ئۇنى توختىتىپ، ئىتالىيان تىلىدا دېدى:

— بۇ ئىشنى مەن بىر تەرەپ قىلاي، — ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ماڭا بايىقىدەك ھالەتتە تىكىلدى، — بولدى. زىغىرلاپ كەتمەيلى. مەن سىزنىڭ ئايالىمنى داۋالاشتىن نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن. شۇڭا، سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى ھۆرمەت قىلىمەن، — ئۇ ئىشخانا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، — لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەن سىزنىڭ كەسپىتكى ئىقتىدارىڭىزغا تولىمۇ قايىل. سىز بۇ خىل كېسەللىكلەرنى تالاي قېتىم داۋالاپ ساقايتقان. تەجرىبىڭىز مول! — ئەمدىلىكتە ئۇ ئالدىمغا كېلىپ توختىدى - دە، ئۈستىلىمنى يېنىك چېكىپ قويۇپ سورىدى، — سىز سىلۋىيەگە كەلگەن بۇ پۇرسەتتىن ئۇنى راستىنلا مەھرۇم قىلماقچىمۇ؟

بۇ چاغدا سىلۋىيەنىڭ جانسىز ئاۋازى ئاڭلاندى:

— رىناردى، بولدى. بىز قايتىپ كېتەيلى.

ئەكسىچە رىناردى ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدى ۋە ماڭا ئوچۇقتىن - ئوچۇق يېلىندى:

— خىللى دوختۇر، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي...

ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن سىلۋىيەنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغانلىقى بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئارىنى بىرپەس جىمجىتلىق باستى. ھەممىمىز ئۆز خىيالىمىز بىلەن ئىدۇق. مەن خېلى ئۇزاق ئويلىنىشتىن كېيىن ئاخىر ئېغىز ئاچتىم:

— بولىدۇ. رىناردى خانىم، — مەن سىلۋىيەگە تىكىلدىم، — بۇ مېنىڭ قەستەن ئويۇن چىقىرىۋاتقىنىم ئەمەس، كۆز نېرۋىلىرىڭىز بىلىنمىگەندەك قىلغىنى بىلەن، بەكلا ئىششىپ كەتكىنىگە قارىغاندا، باش سۆڭەكنىڭ بېسىمىغا ئۇچراۋاتقانلىقى ئېنىق. بۇ خىلدىكى ئۆسمىنىڭ ھالىتى ئادەتتە ئەنە شۇنداق ئۆزگىچە بولىدۇ. مەن بۇ ھەقتە سۆزلەپ يۈرمىسەممۇ، سىز ئەسلىدىنلا بىر ياخشى دوختۇر. مەن سىزنىڭ يەنە بىر قېتىم ماگنىتلىق رېزونانس ئارقىلىق تەسۋىر كۆچۈرۈش مەشغۇلاتى قىلىپ بېقىشىمىزغا قوشۇلۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئاھ تەڭرىم، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — رىناردى ئالدىراپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا دوختۇرلارغا خاس سالاپەت بىلەن قاراپ قويدۇم ۋە سىلۋىيەدىن سورىدىم:

— مەن ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ قوياي، سىزگە قايسى ۋاقىت ماس كېلىدۇ؟

— سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھېساب بولسۇن. بىز سىزگە تامامەن ماسلىشىمىز، — رىناردى ئاخىر يېنىك تىنىدى.

— رەھمەت. مەن ئالدىن ئەسكەرتىپ قويايكى، گەرچە گېن ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بارساقمۇ، لېكىن ئۆسمىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارىغاندا، يەنىلا خەتەرلىك.

— شۇنداقتىمۇ سىز چوقۇم تىرىشچانلىق كۆرسىتىسىز، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە. قان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن باشقا غەيرىي ئالامەتلەر سېزىلمىسە، ئەجرىم چوقۇم بىكار كەتمەيدۇ، دەپ قارايمەن. ئەمەلىيەتتە كىممۇ ئۈمىد قىلمىغان نەتىجىگە ئېرىشىشنى خالايدۇ، دەيسىز؟ — مەن بىرپەس تۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن مۇلايىملىق بىلەن سورىدىم، — سىز بۇ نۇقتىنى چۈشىنەمسىز؟

— چۈشىنىمەن، ئەلۋەتتە چۈشىنىمەن دوختۇر. ناۋادا مەسىلە كۆرۈلمىسە، داۋالاشنى تېزدىن باشلامسىز؟

— مەن ھازىرلا سېسترالارغا قان ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرىمەن. تەكشۈرۈشتىن سىز دېگەندەك مەسىلە بايقالمىسا، مەن دەرھال داۋالاشنى باشلايمەن.

ئۆز نۆۋىتىدە مەن سىلەردىن نيۇيوركتىن ئايرىلماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، نېرۋا يېلىم ماددىسى ئۆسمىسىدىن ئاسانلا قان چىقىدۇ. شۇڭا، بىمار ئامال بار ئاز ھەرىكەت قىلىشى لازىم.

— چاتاق يوق. بىزنىڭ بۇ يەردە مەخسۇس داچىمىز بار. مەخسۇس سېستىرامۇ تەييار. مەن بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئىتالىيەگە ماڭىمەن. ئەگ كېچىكسەم ئۆگۈنلۈككە چوقۇم قايتىپ كېلىشىم ئېنىق. مەن بىلەن خالىغان ۋاقىتتا تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشالايسىز.

— بولىدۇ.

ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئىشەنگەن ھالدا تەكەببۇرلۇق بىلەن سىتلۇيىە ئىككىمىزنى تەنھا تاشلاپ قويۇشى مېنى ھەيران قالدۇرماقتا ئىدى ...

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن مەن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئۆزۈمنى تاشلىغىنىمچە، ئۇلار بىلەن نېمە ئۈچۈن كۆرۈشۈشكە قوشۇلغانلىقىم توغرىسىدا خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم. لېكىن، مەن بۇ يەردە خىيال ئىچىگە غەرق بولۇپ ئولتۇرۇۋەرسەم زادىلا بولمايتتى. چۈنكى، ماڭا قاراشلىق بىمارلار مېنىڭ يولۇمغا تەقەززا. ئۇلارنىڭ ھايات ـ ماماتى مېنىڭ قولۇمدا ـ دە.

سائەت ئۈچلەر ئەتراپىدا ئېيۋىدىن تېلېفون كەلدى.

— ئەھۋال قانداقراق؟

— ھەرھالدا يامان ئەمەس. لېكىن، ئۇنىڭ كېسىلى ھەقىقەتەن خەتەرلىك.

— سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز قانداقراق؟

— دوختۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىمەن.

— سىز بىلەن سۆزلەشكۈم بار. كەچلىك تاماقنى «قىزىل توكلۇك ئادەم» رېستورانىدا يېسەك قانداق؟

— ياخشى گەپ. لېكىن، سائەت تۆت يېرىمدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تۈگىگەندە باراي.

— ماقۇل. مەن سائەت سەككىزلەرگىچە بالدلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولىمەن. شۇ چاغدا كۆرۈشەيلى.

— چاتاق يوق. زىممېرماننىڭ قۇرۇق گەپ بىلەن تولغان ئۇزۇن ماقالىسى ۋاقتىنى ئالىدۇ. مۇھاكىمە يىغىنى تۈگىشى بىلەنلا سىزگە تېلېفون قىلىمەن.

تېلېفوندىن ئېيۋىنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى.

— ماقۇل ئەمىسە، خەير ـ خوش!

مەن تېلېفوننى قويۇپ، يىغىن ئۈچۈن تېزرەك تۇرۇشكە كىرىشىپ كەتتىم. تەخمىنەن ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن كاتىپىم ئىچكى لىنىيەلىك تېلېفوندا:

— مەنمۇ ئامالسىز قالدىم. دىققىتىڭىزنى چېچىۋەتكىنىمدىن خىجىلمەن. رىنادى خانىم سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى جىددىي ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— بولىدۇ. تېلېفوننى ئۇلاپ بېرىڭ، — دېدىم مەن مۇلايىملىق بىلەن.

— ۋەي ... — تېلېفوندىن سىتلۇيىەنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى، — سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

— ھېچقىسى يوق. مېنى ئىزدەپ قاپسىزغۇ؟

— سىز بىلەن كۆرۈشسەم دەيمەن؟ مۇمكىن بولسا مېنىڭ تۇرالغۇيۇمغا بىر كېلىپ كەتكەن بولسىڭىز.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىمنى باھانە قىلىپ دەپ تۇرۇشۇمغا، سىتلۇيىە ماڭا زادىلا ئىمكان بەرمىدى.

— مەن سىز بىلەن قەتئىي كۆرۈشسەم دەيمەن!

مەن ئامالسىز سائىتىمگە قارىدىم. ناۋادا مەن

شۇرمانىنى مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋاكالىتەن قاتناشتۇرۇپ، ئۆزۈم ئىككى تەرەپكە پايپاسلىسام سىلۋىيە بىلەنمۇ كۆرۈشەلەيدىكەنمەن. ئىۋى بىلەنمۇ كەچلىك تاماقتا داخىل بولالايدىكەنمەن. شۇنىڭ بىلەن سىلۋىيەگە سائەت بەشكىچە بېرىپ بولىدىغانلىقىم ھەققىدە ۋەدە بەردىم.

بۇ دەل فېۋرالنىڭ گۈزەل چاغلىرى ئىدى. مەن پىيادە ماڭغاچ ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنەتتىم. ئۇنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆيىگە چاقىرتقانلىقى توغرىسىدا كۆپ ئويلاندىم. بۇ ئىشلارنى ئىۋىگە دېيىش ياكى دېمەسلىك توغرىسىدىكى سوئال ئالدىدا كىچىك بالىدەك گاڭگىراپ قالدىم ...

ئىشىكنى ئايال خىزمەتكار ئاستا ئېچىپ، قولۇمدىكى پەلتويۇمنى ئېلىپ مېنى ئەدەپ بىلەن ئىچكىرىگە باشلىدى، كارىۋاتتىكى سىلۋىيە تىزىنى ئەديىيال بىلەن ئورىۋالغان بولۇپ، ياستۇققا يۆلىنىۋالغانىدى. ئۇ ماڭا قاراپ مېھرىلىك كۈلۈپ قويۇپ، مېنى يېنىدىكى سېستىرا قىز كاراغا تونۇشتۇرۇپ ئۈلگۈردى. كارا تولىمۇ چىرايلىق قىز بولۇپ، كۈلۈپلا تۇراتتى. مەن قولۇمدىكى قان تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقاچ تەسۋىر كۆچۈرۈش مەشغۇلاتىنى ئەتە چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا باشلايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن بولدۇم. بۇ ۋاقىتتا كارا بىزدىن ئاستا يىراقلاشتى. مەن سىلۋىيەدىن سورىدىم:

— سىزگە نېمە بولدى، سىلۋىيە؟

— نىك رىناردى كەتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز قورقۇنچ ئىچىدە قالدىم.

— نېمىدىن قورقتىڭىز؟

— ئۆلۈمدىن! — ئۇ ئاستا باشقا تەرەپكە قاراۋالدى.

— لېكىن، مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن دەپ ئېنىق ئېيتتىمغۇ؟

— مەن بىلىمەن. سىزنى كۆرۈپلا ئۆزۈمنى خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ماتېۋ، — ئۇ ماڭا ئوتلۇق تىكىلدى. ئۇنىڭ ئاشۇ بېقىشلىرىدىن، بولۇپمۇ ئىسمىمنى چاقىرغاندىكى تەبىئىي ئاۋازىدىن يۈرىكىم لەرزىگە كەلدى. چۈنكى، مەن بىر چاغلاردا ئۇنىڭ سۆيگۈنى، ھاياتىنىڭ تۈۋرۈكى ئىدىم...

— ماڭا بىردەم ھەمراھ بولالارسىزمۇ؟

مەن لام ـ جىم دېمەي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— كېسىلىم سەۋەبى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىغانلىقىمىزنى پەقەتلا ئويلىمىغانىكەنمەن. لېكىن، نېمىلا بولسۇن، سىزنى قايتا ئۇچراتقانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

مەن ئۇندىمىدىم. ئېنىقكى، سۆزىمىزنىڭ تېمىسى دوختۇر بىلەن بىمار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىۋاتاتتى. سىلۋىيەنىڭ بولسا پەرۋايى پەلەك ئىدى.

— گرۇك[1] نىڭ «ئورفىئو ۋە ئولىدىس» ناملىق ئوپېراسىدىكى «ئولىدىس، سەن بولمىساڭ قانداق قىلۇرمەن!» دېگەن ناخشا ئېسىڭىزدىمۇ؟ مەن سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئەنە شۇنداق ھەسرەتتە قالدىم.

ئۇنىڭ بۇ ئوخشىتىشى ئەمەلىيەتتە ئەينى چاغدىكى مېنىڭ ھېسسىياتىمغا ماس ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ زادى نېمە دېمەكچىدۇ؟

— ماتېۋ. مېنىڭ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار.

ئەينى چاغدا زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى زادىلا بىلگۈم يوق. دېسەم ئۆزۈمنى ئالدىغان بولۇپ قېلىشىم ئېنىق. ئەگەر ھەقىقەتەن ئىشنىڭ ماھىـ

① گرۇك (1714 — 1787) — گېرمانىيەنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى ئوپېرا كومپوزىتورى. «ئورفىئو ۋە ئولىدىس» ئۇنىڭ داڭلىق ئەسىرى.

يىتىنى سورىمىسام، ئۇ چاغدا بۇ سوئالنى گۆرۈمگە ئەكېتىشىم كېرەك.

— ئاڭلاڭ ماتېۋ. مەن سىزگە يۈرىكىمدىكى ھەقىقىي سۆزنى ئاشكارىلىماقچى.

مەن يەنىلا ئۈندىمەي جىم تۇردۇم.

— سىز مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىردىنبىر سۆيگۈنۈم!

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئوقتەك كېلىپ مېڭەمگە تەگكەندەك بولدى. مەن سىلۋىيەگە نەپرەت ئارىلاش مىختەك تىكىلدىم. ھەقىقىي جاۋابقا ئېرىشىش پۇرسىتى ئاخىر كەلگەنىدى!

— ئۇنداقتا ماڭا يۈرىكىڭىزدىكى راست گەپنى قىلىپ بېقىڭا؟ نېمە ئۈچۈن مېنى ئۇنتىنسىزلا تاشلاپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋالىسىز؟

ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە، كۆزىنى مېنىڭدىن ئەپقاچتى.

— سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەك بەك قىيىن. سىز مەڭگۈ چۈشەنمەيسىز، ماتېۋ!

گەرچە ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئازاب ئىلكىدە قىلدەك تولغىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گەپنىڭ تېمىسىنى بۇرىدىم.

— قېنى ئېيتىڭچۇ؟ مەن ئوق تېگىپ يارىلانغاندىن كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟

ئۇ لەۋلىرىنى ئازاب بىلەن يەنە بىر قېتىم چىشلىدى. چىرايىدىن ھۆكۈرەپ يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى.

— بەك قورقۇنچلۇق، ماتىۋ! مەن سىزنى بىر ئاماللار بىلەن داۋالاش ئورنىغا قايتۇرۇپ كەلگۈچە بولغان ئاشۇ بىرنەچچە سائەت ھاياتىمدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق چاغلار بولۇپ قەلبىمگە ئورناپ كەتتى. مەن سىزنى ئۆلۈپ كېتىبدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. پەرىزىم مېنى ئالدىغانىدى. مەن ھاياتىمدا ئەڭ ئېغىر، شۇنداقلا تولدۇرۇۋالغۇسىز خاتالىققا يول قويغانىدىم. مەن ئۆزۈمنى ئىزچىل ئەيىبلەپ كەلدىم. ئەينى چاغدا سىز پۈتۈنلەي سېزىمىڭىزنى يوقاتقانىدىڭىز. مەن بىر ئاماللار قىلىپ قاننى توختاتقان بولدۇم. كېيىن فىرانسوۋا بىلەن گېلىش سىزنى ماشىنىدىن ئېلىپ چۈشتى. مەن ئۇ چاغدا ئالالىبۇرۇن ئەقلىمدىن ئازغانىدىم، — سىلۋىيە ئاخىر بېشىنى چىڭ قامالىغىنىچە ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى...

ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا تەسىر قىلماقتا ئىدى. چۈنكى، بىر ئاجىز قىز ئۈچۈن ئاشۇ بىرنەچچە سائەتلىك جەريانىنىڭ نەقەدەر قاباھەتلىك ئىكەنلىكى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەت ئىدى.

— كېيىنكى ئىشلاردىن تامامەن خەۋىرىم بار، — دېدىم پەس ئاۋازدا.

سىلۋىيە ياشلىق كۆزى بىلەن ماڭا تىكىلدى.

مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— ئۇ يەردە ئوقنى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ئېلىۋېتىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا، سىز قىزنىل دېگىز قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلانى بىلەن مېنى ياۋروپاغا يۆتكەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىڭىز. بۇ مېنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئىدى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— مېنى قۇتقۇلدۇرۇپ قويۇش بەدىلىگە سىز ئۇنىڭ بىلەن ...

— ئۇ تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب ئىلكىدە بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

— بۇ تامامەن قاقتى - سوقتى قىلىشقۇ؟ ئاھ، تەڭرىم! نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ماڭا ئېيتمىدىڭىز؟ — مەن ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتىم.

— ماتېۋ، ئەجەبا سىز ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ مېنىڭ ئەينى چاغدا مۇشۇنداق قىلىشتىن باشقا

يەنە نېمە ئامالىم بولسۇن؟ سىزنىڭ ھاياتىڭىز مەن ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم ئەلۋەتتە! شۇڭا، بۇ قارارىمغا ھازىرغىچە ئۆكۈنۈپ باقمىدىم.

مەن ئۇنىڭغا ئازاب بىلەن تىكىلدىم. مەن ئىشىنىشكە ئىنزچىل جۈرئەت قىلالمايۋاتقان ئىش ئاخىر راست بولۇپ چىققانىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ مېنى ئىزچىل ياخشى كۆرۈپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىرى ئالدىدا مەن ئۆزۈمنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىمنى ئەلەم بىلەن ئېتىراپ قىلماقتا ئىدىم. ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۈم، قەلبىمدە ئاللىبۇرۇن نەپرەتكە ئايلىنىپ كەتكەن «سىزنى سۆيىمەن» دېگەن سۆزنى ئەينى چاغلاردىكىدەك پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلىغۇم كېلەتتى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

بىز جىمجىتلىق ئىلكىدە قۇياشنىڭ پېتىشىغا قاراپ ئولتۇراتتۇق. بىر چاغدا سىلۋىيە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ:

— ئىچىم خېلىلا بوشاپ قالدى، ماتېۋ. نېمىلا بولسۇن، سىزنى ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋالدىم. ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق، — دېدى پەس ئاۋازدا.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى.

— ئۇنداق سۆزنى ئەمدى ئىككىنچى ئېغىزىڭىزغا ئالماڭ، — دېدىم ئۆتۈنۈش بىلەن، — سىزنى چوقۇم داۋالاپ ساقايتىمەن.

ئۇ ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلدى.

— نېمە ئۈچۈنكى سىزنىڭ بۇ سۆزىڭىزنى ئاڭلىسام كۆڭلۈم خېلىلا ئارام تېپىپ قالىدۇ. ھېلىقى لېپتون ئىسىملىك بالىدىن كېيىن يەنە قانچىلىك بىمارنى داۋالىدىڭىز؟

— مېنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىمگىمۇ باشتىن-ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن تۈنجى سۆيگۈنۈمگە ھۆرمەت بىلەن تىكىلدىم.

— ئەتىلىككە «يېڭى ئەنگلىيە ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىنىدىغان ئەڭ يېڭى ماقالەمنى سىزگە ئەكېلىپ بېرەي.

— ياق، ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاشنى خالايمەن.

— ئۇنداقتا قۇلاق سېلىڭ. جوش كېلەر يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزىدۇ. كېيىنكى ئىككىنچى پەرزەنتىنى تېخى ئەمدىلا يەڭگىدى. دوۋنىي كوخېت ۋە پاۋلو دونوۋان قاتارلىقلار نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. سۆيېن راسۇنىڭ بوۋلىڭ توپ كامانىدىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىشتات بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىردى.

— پەقەت موشۇلىما؟

— مېنىڭ بۇ تېخنىكام دېنۋېر ۋە سانتىياگولاردىكى داۋالاش ئورۇنلىرىدا ئۇنۇملۇك ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. لېكىن، دوختۇر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن داۋالاش ئۈنۈمىنى 100% دەپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتەلمەيمىز، ئەلۋەتتە!

مەن سىلۋىيەنىڭ چارچاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.

— سىز ھازىرلا كەتمەكچىمۇ؟ — دەپ سورىدى سىلۋىيە سائەتكە ئوغرىلىقچە قاراۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، — بىرەر نەرسە ئىچىپ مېڭىشقىمۇ ۋاقىت ئاجرىتالمامسىز؟

— كەچۈرۈڭ، بىرسى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم.

دېمىسىمۇ، سائەت سەككىزدە ئېۋۇنگە تېلېفون بېرىشكە ۋەدە قىلىپ قويغانلىقىم ئېسىمگە كېلىپ قالغانىدى.

— بىرنەچچە مىنۇتنىڭ كارايىتى چاغلىقتۇ ئاخىر! — سىلۋىيە ئايال خىزمەتكارغا ئىشارەت قىلدى، — ھېلىھەم ئاق ئۈزۈم ھارىقى ئىچىشنى ياخشى كۆرەمسىزغۇ دەيمەن؟

— ئەلۋەتتە.

ئايال خىزمەتكار ھايال بولمايلا پەتنۇستا بىر بوتۇلكا ئاق ئۈزۈم ھارىقى ۋە ئىككى ئىستاكاننى كۆتۈرگىنىچە ئالدىمىزدا پەيدا بولدى.

كەچكى شەپەق نۇرىدا سىلۋىيە تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. مەن ئىختىيارسىز ئىلگىرىكى بەختلىك چاغلارنى ئەسلەپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ ھەش - پەش دېگۈچە يېرىم سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدىلىكتە سىلۋىيە مېنى كەچلىك تاماققا زورلاۋاتاتتى. بىز چىرايلىق بېزەلگەن رېستورانغا كىردۇق. تاماملارغا مەشھۇر رەسساملارنىڭ داڭلىق رەسىملىرى ئېسىلغان بولۇپ، كىشىگە رومانتىك تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى ...

— كېيىنچە فىرانسوۋانى ئۇچراتمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن تاماق ئارىلىقىدا.

— بىر قېتىم كۆرۈشكەن بولدۇق. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىپتۇ!

— سۆزىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى مىڭغا يېقىن دوختۇر ئوتتۇز بەش دۆلەتتە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش. ئۇ قانداقمۇ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلسۇن؟

— ئۇ ھازىر كاستۇم - بۇرۇلكا دېگەننى قاتۇرۇپ كىيىپ، گالىستۇك تاقاپ، بەكلا پۇزۇرلىشىپ كېتىپتۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، — مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدۈم، — قارىغاندا، ئۇ مۆتىۋەرلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئوخشىمامدۇ؟

— بۇلتۇر بىز پارىژدا كەچلىك تاماقتا بىللە بولدۇق. ئۇنىڭ مەقسىتى نىكتىن ئىئانە ئېلىش ئىدى. تاماقتىن كېيىن نەچچە يۈز مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولدۇق. ئۇنىڭ گابونىدا بىر دالا ئۇرۇشى دوختۇرخانىسى بار ئىكەن.

— ئەگەر كەسپىڭىزنى تاشلىمىغان بولسىڭىز، قايسى بۆلۈمنى تاللىغان بولاتتىڭىز؟ ئەمەلىيەتتە، سىزنىڭ بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمىدە ئارتۇقچىلىقىڭىز قايىل قىلارلىق.

سىلۋىيە قوشۇمىلىرىنى ھىمىرىپ قويدى.

— ئەپسۇس، مەن تېببىي ساھەدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق يىللار بولۇپ كەتتى.

— سىزنىڭ ئېرىترېيەگە بېرىپ ئىشقا چۈشكەن بىرىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن قويغان ھېلىقى دىياگنوزىڭىز پەقەتلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، سىلۋىيە.

— ئۇ دېگەن ئافرىقا! ئەكسىچە، ئىتالىيە دېگەن ئىتالىيە.

— سۆزىڭىزنى چۈشەنمىدىم؟

— تېببىي ئىلىم بىلەن نىكاھنى زادىلا بىرلەشتۈرگىلى بولمايدىكەن. كەسىپ جەھەتتە مەن ئاپامنى پەقەتلا دورىيالمىدىم. بالىلار كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ئىشلىرىنىڭ تولىلىقىنى سىزگە سۆزلەپ يۈرمىسەممۇ ئوبدان بىلىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە نىك رىناردى ئاخشاملىرى مەن بولمىسام زادىلا ئۇخلىمايدۇ. ئەلۋەتتە، بالىلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس!

ئەينى چاغلاردىكى ئۆز كەسپى ئۈچۈن ئوتقا كىرىشتىنمۇ يانمايدىغان سىلۋىيەنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدۇم. سىلۋىيە كۆڭلۈمدىكىنى سېزىپ قالدى بولغاي، قوشۇپ قويدى:

— كەچۈرۈڭ، ماتېۋ. كۆتكەن يېرىڭىزدىن چىقماي قالدىم، مەن ئەلۋەتتە، راھىبە تېرېسا① ئەمەس!

— بولدى، سىلۋىيە. مەن سىزنىڭ قانداق تىپتىكى ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن.

① راھىبە تېرېسا (1910 — 1997) — ماكېدونىيەدە تۇغۇلغان. 1979 - يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، ھىندىستان نامراتلار كاتولىك دىنى مېھىر - شەپقەت بىرلەشمىسىنىڭ ئاساسچىسى.

ئەمەلىيەتتە ئۆز ئىقتىدارىڭىزغا ئۆزىڭىز ئىشەنمىگەن ئوخشايسىز.

— دېگىنىڭىز توغرا، دوختۇر ئەپەندى، — ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى، — سىز ئۆز پىكرىڭىزدە قالسىڭىز بولىدۇ. لېكىن، مەن داۋالاش كەسپى بىلەن يەنىلا بىر سىستېمىدا! چۈنكى، مەن يەنىلا بەزى دوختۇرخانىلارنىڭ مەسلىھەتچىسى. كېلەر يىلى مېنىڭ ئىتالىيە قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلىنىشىمدا گەپ يوق.

تۇيۇقسىز چاقىرغۇم سايراپ كەتتى. چىقىرىپ قارىسام چاقىرغۇ ئېكرانىدىكى «ئايالىڭىزغا تېلېفون قايتۇرۇڭ 5551200» دېگەن يازمىلار ماڭا قاراپ جىلمىيىپ تۇراتتى. دەرھال ئېۋىگە تېلېفون بەردىم.

— سىزگە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ — ئېۋى ئالدىراپ سورىدى، — سىز ھازىر قەيەردە؟

— ئازراق ئىشىم چىقىپ قالغانىدى، قايتاي دەپ تۇرىمەن.

— تېز قايتىپ كېلىڭ. سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىشلار تولا. سىزگە يەيدىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويغىلى نېكەم.

— قورسىقىم توق، سىزنى سۆيىمەن، ئېۋى!

— مەن سىزنى ساقلايمەن، ماتېۋ!

مەن تېلېفوننى قويۇپ سىلۋىيەگە دېدىم:

— ئەمدى قايتمىسام بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

— ھېلىمۇ سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى كۆپ ئېلىپ قويدۇم. ئەتىلىككە ماڭا پىيانىنو چېلىپ بەرسىڭىز قانداق؟

تۇيۇقسىز ئەندىكىپ كەتتىم.

— كەچۈرىسىز سىلۋىيە، ئەمدى مەن قايتمىسام زادىلا بولمايدۇ!

ئۇ مېنى ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، كۆزلىرىمگە ئۇتلۇق تىكىلدى.

— بۈگۈن كېچە نېمىدېگەن گۈزەل، رەھمەت سىزگە ماتېۋ!

مەن ئۆيگە قاراپ يول ئالدىم. خىياللىرىم چېچىلغانىدى ...

— بەك كەچ قالدىڭىز. قارىغاندا بىمارلىرىڭىز سىزگە يەنە ئارام بەرمىگەن ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى لىفىت باشقۇرغۇچى لۇيىگى كۈيۈنگەن ھالدا.

— پەرىزىڭىز توغرا.

لۇيىگى ئادەتتە مەن بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. لىفىتتا باشقا كىشىلەر بولمىسىلا مېنى پاراڭغا تۇتۇۋالاتتى. ئەكسىچە، مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئامال بار قاچۇراتتىم.

— ئايالىڭىز تېخى ئۇخلىمىدى، — دېدى ئۇ ماڭا.

— سىز قانداق بىلىدىڭىز؟

— ئايالىڭىز خېلى بولدى، مۇزىكا چېلىۋاتىدۇ.

ئېۋى ئادەتتە كەچتە ئىسكىرىپكا چالمايتتى. ناۋادا بىرەر ئىشتىن كۆڭلى ئاغرىسا، ئۇ چاغدا كەچنى كەچ دېمەيتتى.

سائەت ئاللىبۇرۇن ئون بىردىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

— مەن قايتىپ كەلدىم!

ئېۋى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالدىمۇ، ئىشقىلىپ فىرانكىنىڭ «A ئۇدارلىق سوناتا» سىنى ئورۇنلاشتىن پەقەتلا توختاي دېمەيتتى. مەن ئاستا كېلىپ ئۇنىڭ چاچلىرىنى ھۈزۈرلىنىپ پۇرىدىم.

— ئەھۋالىڭىز قانداق؟ — ئۇ مۇنداقلا سوراپ قويدى.

— بۈگۈن بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. بىرەر نەرسە ئىچكۈڭىز يوقمۇ؟

— ئىچكۇم بار. سىز نېمە ئىچسىڭىز مەنمۇ شۇنىڭدىن ئىچەي.

مەن ئىككى ئىستاكان كالىفورنىيە ئۈزۈم ھارىقى تەييارلاپ ئۈستەلگە قويدۇم. لېكىن، ئۇ قولىدىكى ئىسكىرىپكىنى قوياي دېمەيتتى. قارىغاندا، ئۇ قولىدىكى ئىسكىرىپكىنى سۆزىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە كۆرۈپ شۇنداق قىلىۋاتسا كېرەك. بۇ ھال خېلىغىچە داۋاملاشتى...

مەن يېنىك يۆتىلىپ قويدۇم. شۇندىلا ئۇ ماڭا سىرلىق نەزەردە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، كامالەكنى جايىغا قويۇپ، ئۈزۈم ھارىقىدىن بىر يۇتۇم ئوتلىدى ۋە ياسالما پەرۋاسىزلىق بىلەن سورىدى:

— ئۇ ھېلىھەم يەنە شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپتۇمۇ؟

مەن ئامال بار كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇراتتىم.

— ھەرھالدا.

ئۇ بىرپەس جىمىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە سورىدى:

— سىز ئۇنى ھېلىھەم ياخشى كۆرەمسىز؟

— ياق، — مەن دەرھال جاۋاب بەردىم.

ئېۋى قولىغا كامالەكنى ئېلىپ، ئىسكىرىپكىنى يەنە سازلىدى ۋە سورىدى:

— نېمىلەر ھەققىدە سۆزلەشتىڭلار؟

— بۇرۇنقى ئىشلار توغرىسىدا.

— بىرەر كونكرېتنى ئىش ھەققىدە سۆزلەشمىدىڭلارمۇ؟

— قىياسىڭىز توغرا ئىكەن. ئەسلىدە نىك ئۇنى توي قىلىشقا مەجبۇرلاپتىكەن.

— قارىغاندا، مەن ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئوخشايمەن! — ئېۋىنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. ئارقىدىنلا ئۇ قىسقا بىر مۇزىكىغا چالدى. مېنىڭچە، ئۇ نۆۋەتتە مېنىڭدىن تېخىمۇ مۇھىم بىر سوئالنى سورىماقچىدەك قىلاتتى. ئەمەلىيەت پەرىزىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

— قىياسىمچە، سىز ماڭا بىر مۇھىم سىرنى ئاشكارىلايدىغاندەك قىلىسىز، شۇنداقمۇ؟

مەن بىرپەس جىمىپ كەتتىم. زېھنىم چېچىلغانىدى. ئاخىر گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدىم:

— تاپتىڭىز. بىز تېخى بايىلا خوشلاشتۇق.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ چىرايىدا قان قالمىغانىدى. تېلېفوندا بولسىمۇ سىلۋىيە بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى ئەسكەرتىپ قويغان بولسام، ئۇمۇ ئازابلانمىغان، مەنمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالمىغان بولاتتىم. لېكىن، پۇرسەت ئاللىبۇرۇن قولدىن كەتكەنىدى.

— چارچاپ كەتتىم، — ئېۋى ئىسكىرىپكىنى ئۈستەلگە قويدى، — ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ.

بەش مىنۇتلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كارىۋاتنىڭ ئۆزى بار تەرىپىدىكى چىرىغنى ئۆچۈردى. مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تارتىپ، ئەمدى يېقىنچىلىق كۆرسىتەي، دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ دۈمبىسىنى ماڭا قارىتىۋالدى. دېمەك ئۇ ساختا ئۇيقۇ ئارقىلىق مېنىڭ بىلەن تىركىشىۋاتاتتى. مەن پەس ئاۋازدا: «ئېۋى، مەن سىزنى سۆيىمەن» دېدىم ۋە كۆزۈمنى يۇمدۇم. لېكىن، كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. خېلى تىركىشىپمۇ ھېچ ئامال قىلالماي، ئاخىر بايا سېلىۋەتكەن ئۇخلاش كىيىمىمنى باشقىدىن كىيىپ، دېرىزىدىن تىنچ ئۇيقۇدىكى شەھەر ئاسمىنىغا ئۇزاق تىكىلدىم. ئىچىمدە «بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

سائەت ئوندىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەندە سىلۋىيەنىڭ شوپۇرى تېلېفوندا ئۆزلىرىنىڭ دوختۇرخانىغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى دېدى. مەن دەرھال پاۋلانى ئۇلارنى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇدۇم.

سىلۋىيەنىڭ پىكاپى كۆرۈنۈشتىنلا بوئىڭ 747 تىپلىق پىكاپتىنمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇلار دوختۇرخانا زالىغا كىرىپ كەلگىنىدە، زالدىكىلەرنىڭ كۆزى ئۇلار تەرەپكە ئاغدۇرۇلدى. دېمەك، سىلۋىيەنىڭ ئۆزگىچە لاتاپىتى ئۇلارنى مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە داۋالاشنى باشلىماقچى بولسامۇ، لېكىن سىلۋىيە جاھىللىق بىلەن تەجرىبىخانامنى، بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى ئەسلىھەلەرنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن ئاخىر ئۇنى تەجرىبىخانىغا باشلاپ كىردىم ۋە ياردەمچىم مورتون شۇرمان دوكتورنى تونۇشتۇرۇشقا بىرلەشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقات خىزمىتى جەھەتتىكى ئىستىبداتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇپ ئۆتتۇم. شۇنداقلا ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدا شۇرماننىڭ ماڭا ۋاكالىتەن داۋالاش ئېلىپ بارالايدىغانلىقىنى يۇرىتىپ قويدۇم.

رېزا سىلۋىيەنىڭ تومۇرىدىن قان ئېلىپ، قان تىپىنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈش مەشغۇلاتىغا كىرىشىپ كەتتى. مەن شۇرمان بىلەن سىلۋىيەگە ھەمراھ بولۇپ، 10 ـ قەۋەتتىكى رادىيوئاكتىپ بۆلۈمىگە چىقىپ، ماگنىتلىق تەسۋىر كۆچۈرۈش مەشغۇلاتى تۈگىگۈچە، ئۇنىڭ قېشىدىن ئايرىلمىدۇق. مەشغۇلات تۈگىگەندىن كېيىن تەلىپىم بويىچە شۇرمان سىلۋىيەنى ئارام ئالغاچ قەھۋە ئىچىشكە ئېلىپ ماڭدى. مەن سىلۋىيەگە پىچىرلاپ دېدىم:

ـــ شۇرمان دوكتور ھېكايە سۆزلەشكە بەكلا ئۇستا. ئۇنىڭدىن قېيىنئانىسىنىڭ چاقلىق تېيىلما ئايىغىدىن قانداق ھوزۇر ئالغانلىقىنى سوراپ بېقىڭ. كۆڭلىڭىز چوقۇم ئېچىلىپ قالىدۇ.

سىلۋىيە ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتقاچ يېقىملىق كۈلۈپ قويدى.

مەن رادىيوئاكتىپ بۆلۈمىگە كىرىپ كەلگىنىمدە ھېلىقى رېنتگېنوگىنىيە مۇتەخەسسىسى ئائىر ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى تەكشۈرۈش ئەسۋابى بىلەن تەسۋىر كۆزىتىۋاتاتتى. ئائىر مېنىڭ كىرگىنىمنى سەزدى ـ دە، دەرھال مەن تەرەپكە قاراپ:

ـــ بۇ خىل ئەھۋال ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ، ماتېۋ. سىز ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، ـــ دېدى جىددىيلىك بىلەن.

يۈرىكىم ئېچىپ، دەرھال كۆزىتىش ئەسۋابى ئالدىغا كەلدىم. كۆزىتىش ئەسۋابىدىن ئايان ئىدىكى، داغنىڭ چوڭلۇقى كىشىنى ھەقىقەتەن چۆچۈتەتتى.

ـــ ئۇنىڭ شۇنچە چوڭ ئۆسمىنىڭ تەسىرى بىلەنمۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك مېڭىپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە!

ـــ ئۇنىڭ مېڭىپ يۈرۈشىگە ئەمدى ھېچقانچە ۋاقىت قالمىدى...

ـــ ئېنىقكى، ئۇ ئايالنىڭ بىرنەچچە كۈنلۈكلا ئۆمرى قالغاندەك قىلىدۇ.

دوختۇرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك تەھلىللىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم تېخىمۇ يېرىم بولۇپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز ئارىدىن بىرى سوراپ قالدى:

ـــ خىللي دوختۇر. كېسەلنى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان مەزكۇر بىمارغا نىسبەتەن داۋالاش تەدبىرلىرىڭىزنىڭ ئۈنۈمى قانچىلىك بولار؟

ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە مۇنازىرىلىشىشكە پەقەتلا رايىم بولمىغاچ، مۇتەخەسسىس ئائىرغا يۈزلەندىم.

ـــ مېنىڭ تەسۋىر كۆچۈرۈش نەتىجىسىنى شەخسەن ئۆزۈم بىۋاسىتە تەتقىق قىلىپ باققۇم بار ئىدى. ئوڭايلىق يارىتىپ بەرگەن بولسىڭىز.

ـــ چاتاق يوق، ماتېۋ. بۆلۈمىمىز سىزگە ئۆتكۈچە قالدى. بىز چۈشلۈك تاماققا ماڭدۇق.

مەن تەسۋىرىي سۈرەتتىن سىلۋىيەنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى ئۆسمىگە ئۇزاق تىكىلدىم. ئەھۋال ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. قانداقتۇر مۆجىزىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىنمۇ ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە كۆزلىرىمگە

ياش ئالدىم. چۈنكى، ئۆلۈم ئالدىدىكى بىمار باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى سىلۋىيە، يەنى مېنىڭ تۇنجى سۆيگۈنۈم ئىدى.

ئاھ پەرۋەردىگارىم! ئۇ تېخى ياش ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ كېيىنكى يېرىم ئۆمرى ھەققىدە كۆڭلىگە پۈككەن ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى شۇنداق قىلىپ توزۇپ كېتەرمۇ؟ ئۇنىڭ بالىلىرىنى تورمۇشلۇق قىلىپ، نەۋرىلىرىنى بىر كۆرۈۋېلىشقا بولسىمۇ ھەققى بار ئىدىغۇ؟

ئازاب ئىلكىدە كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. ئۇزاق مەزگىللىك تەجرىبە ـ تەتقىقات ئاساسىدا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى تىپتىكى داۋالاش ئۇسۇلۇمنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشىغا زادى قانچىلىك مۇمكىنچىلىكى بار؟ ھەر ئېھتىمالغا قارشى يەنىلا بۇ ھەقتە ئەڭ نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بېقىش مەندىكى بىردىنبىر توغرا تاللاش، ئەڭ ياخشى ئامال بولۇپ قالغانىدى.

ھازىر نيۇيوركتا ۋاقىت چۈش بولغان، لېكىن غەربىي دېڭىز قىرغاقلىرىدا سائەت ئەمدىلا توققۇز بولغانىدى. مەن تېلېفون ئارقىلىق سانتىياگودىكى جىم چۈگارنى تاپتىم ۋە ئۇنىڭغا سىلۋىيەنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ، قولۇمدىكى تەسۋىرىي سۈرەتنى كومپيۇتېر ئارقىلىق ئۇنىڭغا دەرھال يوللاپ بېرىپ، ئۇنىڭ كۆرۈپ بېقىشىنى ۋە ماڭا مەسلىھەت بېرىشىنى ئۆتۈندۈم.

جىم مېنىڭ يېقىن دوستۇم ئىدى. ئۇ مېنىڭ جىددىيلىشىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدى بولغاي، تەلىپىمگە دەرھال قوشۇلدى.

ئارىلىقتىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپلا ئۇ ماڭا تېلېفون قايتۇردى. مەن ئالدى بىلەن سۆز باشلىدىم:

— بۇرادەر. ئالدى بىلەن سېنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىڭنى ئاڭلاپ باققۇم بار. بۇ خىل نېرۋا يېلىم ماددىسى ئۆسمىسىنى گېن ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلىدا داۋالىغىلى بولامدۇ؟

— ماڭا چاقچاق قىلمايۋاتقانسەن، ماتېۋ؟ نۆۋەتتە ئۆسمە بەكلا چوڭىيىپ كەتكەن. ئۆسمىنى ئۇنىڭ ھاياتىغا زامىن بولمايدۇ، دەپ قارىغاندىمۇ، لېكىن ئۇ پەيدا قىلىدىغان كۆپ قان چىقىپ كېتىشنىڭ ئۆزىلا بىمارنىڭ ھاياتىغا ئەڭ زور خەۋپ!

— سەن سىناپ بېقىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمىدى دېمەكچىمۇ؟ — مەن كاجلىق بىلەن ئۇنى باياتىنقى قارارى توغرىسىدا قايتا بىر قېتىم ئويلىنىپ بېقىش ھەققىدە ئاگاھلاندۇردۇم.

— ھەممە ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئاساسى بولىدۇ، ماتېۋ. بىز ئازراقلا قۇتقۇلدۇرۇۋېلىش ئېھتىماللىقى بار بولغان بىمارلارنىڭ ھاياتىنى چوقۇم بىر ئاماللار بىلەن قۇتقۇلدۇرۇۋالىمىز. بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز. راستىنى ئېيتقىن. بىمار كىم بولىدۇ؟

— كەچۈرگىن جىم، — ئۈمىدىم ئۈزۈلگەنىدى، — ياردىمىڭگە مىننەتدارمەن.

مەن تېلېفوننى قويىۋەتتىم. ئىشخانىدا ھېچكىم يوق، ئۆزۈمنى قويىۋېتىپ، بېشىمنى قامالىغىنىمچە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتىم. يۈرىكىم ئېچىشاتتى. چۈنكى، سىلۋىيە ئاللىبۇرۇن رەھىمسىز ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ بولغان، ئەكسىچە مېنىڭ ھېچقانداق ئامالىم قالمىغانىدى. شۇ ئازاب ئىلكىدە سىلۋىيەنىڭ مېنى پەستە ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېسىمگە ئالدىم. شۇنىڭ بىلەن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈپ پەسكە چۈشتۈم، بۇ چاغدا شۇرمان ئۆزىنىڭ تىل جەھەتتىكى ھەقىقىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىكى سىلۋىيە خۇددى كىچىك بالىدەك ھە دەپ قاقاھلاپ كۈلەتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ قول ئىشارىتى ئارقى-

لىق يېنىغا چاقىردى.

— مېنىڭچە ئىككىڭلار ھەقىقىي سەنئەتكارلاردىن ئىكەنسىلەر. دېمەكچىمەنكى، ماتېۋ سەھنىدە پىيانىنوغا زۇۋان كىرگۈزۈۋېتەلەيدۇ. شۇرمان بولسا بەئەينى بىر تېلېۋىزىيە رىياسەتچىسى ئىكەن.

سىلۋىيەنىڭ ئاۋازى ياڭراق، روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئەتراپىمىزدىكى ياش كەسپداشلارنىڭ كۆزى بىزدە ئىدى.

— نېمە، نېمە؟ — شۇرمان ھەيرانلىق بىلەن سورىدى، — سىزنىڭ پىيانىنو چالالايدىغانلىقىڭىزدىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن.

— سىزنىڭ يۇمۇرىستىك تۇيغۇڭىز بىلەن پەرقلەنمەيدۇ، — مەن بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرغاچ سىلۋىيەگە سىنچىلاپ نەزەر تاشلىدىم. پەقەت شۇندىلا ئۇنىڭ چېھرىدە غىل - پال ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئۆلۈم كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئېھتىمال بۇ نۇقتا ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان بولۇشى مۇمكىن. ماڭا ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىمۇ خۇددى سولىشىش ئالدىدا تۇرغان گۈلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئېچىلىشىدەك تۇيغۇ بېرەتتى ... بىراق، سىلۋىيە رېئاللىقنى زادىلا ئېتىراپ قىلمايۋاتامدۇ ياكى ئەسلىي تەبىئىتى ئەنە شۇنداق ئوچۇق بولغاچقىمۇ، مۇنازىرىگە قانمايتتى. ئۆزىنىڭ كەلگۈسى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا، يەنى زادىلا مۇمكىنچىلىكى قالمىغان گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى ھەققىدە سۆزلەپ ھارمايتتى...

شۇرمان ئىككىمىز سىلۋىيەنى ئۆزىتىپ قويدۇق.

— يا، پاناھ! سىز ئىلگىرى مۇنداق چوڭ پىكاپنى كۆرۈپ باققانمۇ ماتېۋ؟ — شۇرمان پىكاپ كەتكەن تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي سورىدى.

— ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى ئۆسمىنى كۆرگەن بولسىڭىز، تېخىمۇ ھەيران قالاتتىڭىز، — دېدىم مەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئۇنىڭ ھاياتىدىن قىلچىمۇ ئۈمىد يوق.

— مۇمكىن ئەمەس، — شۇرمان ئىختىيارسىز قولىنى سىلكىدى، — تەڭرىم بۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان گۈزەل خانىمنى چوقۇم پاناھىدا ساقلايدۇ.

— سىز چوقۇم مېنىڭ بىر تەلىپىمگە قوشۇلىشىڭىز كېرەك! — مەن شۇرمانغا تىكىلدىم.

— مەن تېخىچىلا سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەن.

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇپ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭ، — دېدىم بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — ھازىردىن باشلاپ سىلۋىيە سىزنىڭ بىمارىڭىز. سىز ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشىڭىز، ئۇنىڭغا ئازراقمۇ ئازاب تۇيغۇسى ھېس قىلغۇزماسلىقىڭىز شەرت. ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— بىراق سىلۋىيە كېسىلىنى پەقەت سىزگە كۆرسىتىش ئۈچۈنلا شۇنچە يىراقتىن كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەك.

— مەن دېگەندەك قىلىڭ، شۇرمان، — مەن گەپنى ئۈزۈۋەتتىم. ئۇ ماڭا بىرپەس ھاڭۋېقىپ قارىغاندىن كېيىن نائىلاجلىق ئىلكىدە بېشىنى لىڭشىتتى.

— يارايسىز! سىز ھازىر پاۋلانىڭ قېشىغا بېرىپ مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا دەرھال كىرىشىڭ. بولۇپمۇ ئىككىڭلار رىزانىڭ سىلۋىيەگە قان تولۇقلىشىغا زىچ ھەمكارلىشىڭلار. بۇ ھەممىدىن مۇھىم.

شۇرمان مېنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىمدىن ھەقىقەتەن گۇمانلانماقتا ئىدى.

— مەن خاتا ئاڭلىمىغاندىمەن، — دېدى ئۇ مۇرىسىنى قىسىپ، — بىردەم سىلۋىيەنىڭ ھاياتىدىن قىلچىمۇ ئۈمىد قالمىدى دەپ ئاھ ئۇرىسىز، يەنە بىردەم بىزنى داۋالاش تەييارلىقىنى تېزدىن پۈتكۈزۈشكە قىستايسىز. بىلمىدىم، تەپەككۇرىڭىز دەرىجىدىن ھالقىپ كەتتىمۇ، قانداق؟ ئېيتىڭا، بۇ ۋە-

زىپىنى نىمە ئۈچۈن ماڭا يۈكلەيسىز؟

— چۈنكى، سىز تۈيغۈڭىز ئاجىزلاپ كەتكەن ئالىم! — دېدىم دەرغەزەپ بىلەن، — مۆجىزىنىڭ سىزنىڭ قولىڭىزدا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاقمىدىم شۇ.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

مەن تېلېفون ئارقىلىق سىلۋىيەنى چوقۇم ياخشى ئارام ئېلىشقا تەكرار ـ تەكرار ئۈندىدىم. چۈنكى، چۈشتىن بۇرۇنقى زىيادە ھەرىكەتلەر ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە بىۋاستە ئەكس تەسىر بېرىشى ئېنىق ئىدى. قالغان ئىككى سائەتتە ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىنى سىلۋىيەگە قانداق دېيىش توغرىسىدا ئەستايىدىل ئويلانغان بولدۇم. ئېنىقكى، ئۇنىڭغا ئەسلىي ئەھۋالنى ھەرگىز دېمەيمەن. لېكىن، يالغان سۆزلەش مەن ئۈچۈن يەنە بىر خىل ئازاب، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، ئۇنى داۋالاش جەھەتتىكى تەييارلىقىمىزنىڭ پۇختىلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت ھەرھالدا ماڭا ئازتولا تەسەللى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم.

— تېز ئۆيۈمگە كېلىڭ، — دېدى سىلۋىيە جۇشقۇن ھالدا، — سىزنى ھەيران قىلىۋېتىدىغان بىر سوۋغات تەييارلىدىم. تېز بولۇڭ.

ئون مىنۇتتىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم.

ئۇ كۆلۈمسىرىگىنىچە قولۇمدىن تارتىپ كىرىسلو تەرەپكە باشلىدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ. بەلكىم سىز تەقدىرنىڭ بىزگە نېمىلەرنى ئاتا قىلغانلىقىغا ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇ پەيتتە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشنىڭ ئۆزى ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. چۈنكى، سىلۋىيەنىڭ ھازىرقى ھالىتى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، تولىمۇ سولغۇن ئىدى. ئۇ پەقەت ئەڭ ئاخىرقى تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆزىنى ماڭا خۇشال كۆرسىتىۋاتاتتى.

— بۈگۈن ئاخشام تىياتىرخانىدا قانداق نومۇر كۆرسىتىلىدىغانلىقىنى مەڭگۈ قىياس قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن.

— قىياس قىلىش تەس ئەمەسقۇ؟چوقۇم «يۇقىرى ئاۋازلىق ئۈچ ئەر ناخشىچى» ماھارەت كۆرسىتىدۇ، — مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدۈم.

— خاتالاشتىڭىز. بۈگۈن ئاخشام «چوغلۇق قىز» ئوپېراسى قويۇلىدۇ. بۇ ئوپېرانى بىللە كۆرگىنىمىز ئېسىڭىزدىدۇ؟ ئاساسلىق رولدا گېئورگېۋو بىلەن ئالاگىنا ئىكەن. ئۇلارنىڭ رېئاللىقتىمۇ ئامراق ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— قارىغاندا، بۇ تىياتىرخانىدىمۇ شەخسىي لوژىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— قىياسىڭىز توغرا چىقتى. — ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىلگىرىكىدەك نۇرلىنىپ كەتكەنىدى، — مېنىڭ دوختۇرۇم سالاھىيىتىڭىز بىلەن ماڭا ھەمراھ بولۇپ تىياتىرخانىغا بېرىشنى خالامسىز؟

— ئەلۋەتتە خالايمەن، — مەن ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ خۇشاللىق ئاتا قىلالايدىغانلىقىمدىن خۇشال ئىدىم. — نىك قاچان كېلىدۇ؟ — مەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدىم.

— ئەتىلىككە ئەتىگەن، — ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب بەردى، — مەن دوختۇرخانىدىن كېلىپ تۇرۇشۇمغا ئۇنىڭدىن تېلېفون كەلگەنىدى.

— قارىغاندا، ئۇ سىزگە ھەقىقەتەن كۆيۈنىدىكەن ـ دە.

— شۇنداق، — ئۇ باياتىنقى كەيپىياتتا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا گۇمانىم يوق.

— بالىلىرىڭىزچۇ؟ ئاڭلىسام ئىككى ئوغلى-

ڭىز بار ئىكەن. دېمەكچىمەنكى، تۇرمۇش سىلەرگە ھەقىقەتەن زور ئىلتىپاتلارنى ئاتا قىپتۇ. ئۇلار ھازىر نەدە ئوقۇۋاتىدۇ؟

سىلۋىيە كۆزلىرىدىكى ياشنى ئوغرىلىقچە سۈرتۈۋېتىپ سۆز باشلىدى:

—— ئۇلار ئىككىلىسى ئەنگلىيە ئىتون جامائەت مەكتىپىدە ئوقۇۋاتىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىمىز. شۇڭا، نىك رىناردى ياللىغان قوغدىغۇچىلار ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلاشمىغان ئاساستا ئۇلارنىڭ ئامانلىقىنى كېچە ـ كۈندۈز قوغداش بىلەن ھەلەك. لېكىن، باللارنىڭ ئۇلار بىلەن پەرۋايى پەلەك. مەن سىزنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىردە ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. باللارنىڭ چىرايى ۋە بوي تۇرقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن مىجەز ـ خۇلقى زادىلا ئوخشىمايدۇ. چوڭ ئوغلۇم گىئان بادىبستا خۇددى دادىسىنىڭ ئۆزى. تەنتەربىيەنىڭ ھەرقانداق بىر تۈرى ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. لېكىن، كىتاب دېسە بېشى ئاغرىيدۇ. دادامىمۇ ئۇنىڭغا بەكلا ئامراق. شۇڭا، دادام فارما خانىدانلىقىنىڭ كەلگۈسى كاپالەتكە ئىگە دەپ قارايدۇ.

—— ئۇنداقتا دادىڭىز كۆز يۇمسىمۇ كۆڭلۇم ئىسرەپ يۇمغۇدەك جۇمۇ.

—— توغرا دەيسىز. لېكىن، كەنجى ئوغلۇم كېچىك دانىئىل ئاكىسىنىڭ دەل ئەكسى. ئادەتتە تولىمۇ تارتىنچاق، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق.

—— كەلگۈسىدە سىزنىڭ كەسپىڭىزگە ۋارىسلىق قىلىپ قالامدۇ، قانداق؟

—— مېنىڭ ئۈمىدىمۇ دەل شۇنداق ئىدى. لېكىن تولىمۇ ئەپسۇس! ئۇنىڭ غايىسى كەلگۈسىدە شائىر بولۇش ئىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى بەكلا ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ھەتتا بوسنىيە ۋە لۇۋاندادىكى ئېزىلىۋاتقان خەلقلەرگىمۇ ھېسداشلىق قىلىدۇ.

ئۇنىڭ بايانلىرىدىن كەنجى ئوغلىغا تولىمۇ ئامراقلىقى چىقىپ تۇراتتى.

—— ئەگەر دەۋر ئۆزگەرمىگەن بولسا كەنجى ئوغلىڭىز پوپ بولۇشقا تازا لايىق ئىكەندۇق. ئۇ بۇ يىل قانچە ياشتا؟

—— 2 ـ ئاي كىرسە ئون ئالتە ياشقا كىرىدۇ.

مېنىڭ كۆڭلۇم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. چۈنكى، سىلۋىيە ئۇ كۆنلەرنى كۆرۈشكە ھەرگىزمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتى.

—— سىزنىڭ قانچە بالىڭىز بار؟ —— سىلۋىيە ماڭا تىكىلدى.

—— ئايالىمنىڭ ئالدىنقى ئېرىدىن بولغان ئىككى قىزى بار. مەن ئۇلارنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن.

—— سىزنىڭ مەسئۇلىيەتچان دادا ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەنچىم كامىل. ئۇ چىرايلىقمۇ؟

—— كىمنى دەيسىز؟

—— ئايالىڭىزنى دەيمەن.

مەن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، بىرپەس تۇرۇپ قالدىم ـ دە، ئاددىيلا قىلىپ:

—— ئۇ بىر باش ئىسكىرىپكا ماھىرى، —— دەپ گەپنى تۈگەتتىم.

—— ۋاھ! —— سىلۋىيە تېزىنى شاپىلاقلاپ قويدى، —— سىلەر تازىمۇ ماس كەپسىلەر.

—— سۆزىڭىزنى چۈشەنمىدىم.

—— دېمەكچىمەنكى، سىلەر مۇزىكا چېلىشتا ئەڭ ياخشى ھەمكارلاشقۇچىلاردىن ئىكەنسىلەر!

ئۇنىڭ سۆزىدىن غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى ۋە ئاددىيلا جاۋاب قايتۇردۇم ـ دە، گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدىم. ئاز ئۆتمەي ئۇ كېيىم يۆتكەش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا ماڭغاچ:

—— بىمارلىرىڭىزغا، شۇنداقلا تەجرىبىخانىڭىزدىكىلەرگە تېلېفون بېرىپ قويۇڭ. سىزنى ئىزدەپ كەتمىسۇن يەنە، —— دېدى.

— مەنمۇ شۇ خىيالدا، — دېدىم ئورنۇمدىن تۇرغاچ، — تەجرىبىخانىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قوياي.

سىلۋىيە ئىشىكنى ياپقان ھامان ماڭا ئىنتايىن تونۇشلۇق بولغان نومۇرنى باستىم.

— ياخشىمۇسىز، ئېۋى؟

— نەلەردە يۈرسىز؟ چاقىرغۇ قىلسام تېلېفون قايتۇرۇپمۇ قويمىدىڭىز.

ئەسلىدە مەن چاقىرغۇمنى قەستەن ئېتىۋەتكەن، سىلۋىيەگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى ئويلىماس نىيىتىگە كەلگەنىدىم.

— كەچۈرۈڭ، ئالدىراشچىلىقتا ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— بۈگۈن پەيشەنبە ئىكەنلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويدىڭىزمۇ، قانداق؟ — ئۇ مېنىڭدىن ئاغرىنىۋاتاتتى، — بۈگۈن ئاسپىرانتلار سىنىپىغا دەرسىم بار. ئەڭ بالدۇر دېگەندىمۇ سائەت ئونلار ئەتراپىدا ئاندىن قايتىمەن. شۇڭا، ھازىر دەرھال دەيىبىنى ئەكەلمىسەم بولمايدۇ. قارىغاندا، ئالاھىدىرەك بىرەر ئىشىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— ياقەي. پەقەت ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىغۇم كەلدى شۇ.

— بولىدۇ. ھازىر سىز ئاڭلىغۇڭىز كەلگەن بۇ ئاۋاز سىزگە «خەير ـ خوش!» دەۋاتىدۇ. كەچتە كۆرۈشەيلى.

ھۇجرىسىدىن چىققان سىلۋىيە كۆزۈمگە تېخىمۇ چىرايلىق، بەكلا لاتاپەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— پارىژ ئاخشىمىدىكى ھېلىقى ھالىتىڭىز كۆز ئالدىمدا قايتا زاھىر بولۇۋاتىدۇ. قېشىڭىزدا چېنىپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن.

— مېنى مازاق قىلماڭ. تېزرەك بولايلى، ھېلىمۇ كېچىكتۇق.

بىز پەسكە چۈشتۇق. ماشىنا بىزنى ساقلاپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن لىنكولىن مەركىزىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. مەن شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ ئاجايىپ بىر خىل خەۋپكە تەۋەككۈل قىلغانلىقىمنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. چۈنكى، تىياتىرخانا بىلەن جۇلىئىد ئىنستىتۇتىنىڭ ئارىلىقى يۈز ئىنگلىز مىلىمۇ كەلمەيتتى. بۇ شەھەردە ئېۋى بىلەن ئەڭ ئاسان دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان يەر قەيەر دېيىلسە، دەل مۇشۇ يەر دەپ ئىككىلەنمەي جاۋاب بېرىشكە بولاتتى.

تەقدىر راستىنلا ماڭا چاقچاق قىلىۋاتاتتى. چۈنكى، پىكاپ «ياشانغانلار كوچىسى» ئېغىزىدىكى قىزىل چىراغ ئالدىغا ئەمدىلا كېلىپ توختىشىغا، قولىغا باس ئىسكىرىپكا ساندۇقىنى ئېلىۋالغان ئېۋىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ـ دە، «ئاپلا» دېدىم ئىختىيارسىز ئىچىمدە.

سىلۋىيە كۆڭلۈمدىكىنى تۇيۇپ قالغانىدى.

— ئەنسىرىمەڭ ماتېۋ. سىرتتىكىلەر ماشىنا ئىچىدىكىلەرنى كۆرەلمەيدۇ، — ئۇ باياتىن مەن قارىغان تەرەپكە بىر پەس قارىغاندىن كېيىن ماڭا يۈزلەندى، — قىياسىم خاتا بولمىسا، ئۇ چوقۇم ئايالىڭىز. ئايالىڭىز ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن.

مەن سۈكۈت بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم. ئىزچىل ھالدا ئېۋىنى گۈزەللىكتە سىلۋىيەگە يېتەلمەيدۇ دەپ قارايتتىم. ئەمەلىيەتتە ئېۋىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكى ئۇنىڭ قەلبىدە ئىدى. لېكىن، بۈگۈن كەچ ئېۋى كۆزۈمگە تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەتتا دەرھال ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنى باغرىمغا چىڭ باسقۇم كېلىپ كەتتى. ئىچىمدە ئەپسۇسلىناتتىم: ئاھ، ئېۋى! مەن سىزنى ئالداپ كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىۋاتىمەن. مېنى كەچۈرۈڭ!

رېئاللىقتىكى ئاشىق ـ مەشۇقلار ئوپېرادىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ رولىنى ئېلىۋاتاتتى.

بەلكىم بۇ هال «چوغلۇق قىز» ئوپېراسىنىڭ تەسىرچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان بولۇشى مۇمكىن، تاماشىبىنلارنىڭ قەلبى هاياجاندا ئىدى ـ يۇ، ئەكسىچە، مېنىڭ قەلبىم تىمتاس ئىدى. چۈنكى، ئوپېرانىڭ سېهرىي كۈچى ئاللىبۇرۇن قەلبىمدىن غايىب بولغان بولۇپ، ئارفىلدۇنىڭ پاك مۇهەببەتكە بولغان مەجنۇنلارچە هېسسىياتىغىمۇ، ۋىئولىتانىڭ ئۆلۈمىگىمۇ هېسداشلىقىم قىلچە قوزغالمىدى. ۋىئولىتانىڭ كىشىنىڭ قەلب تارىنى چېكىدىغان ئەڭ ئاخىرقى هېلىقى تەسىرلىك ناخشىسىنى ئاڭلاۋېتىپمۇ مىت قىلىپ قويمىدىم. ئىلگىرى سىلۋىيە ئىككىمىز پارىژدا بۇ ئوپېرانى كۆرۈۋېتىپ دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۆز ياشلىرىمىزنى تۇتالماي قالغاندۇق. ئەمدىلىكتە بولسا ئىچىمدە: «ئاھ، تەڭرىم، بەخت ئۇنىڭغا قۇچاق ئېچىش ئالدىدا، سەن ئۇنى دەرگاهىڭغا ئېلىپ كەتتىڭ. ئەپسۇس، ئۇ تولىمۇ ياش ئىدى» دەپ پىچىرلاپ قويدۇم خالاس!

مەن سىلۋىيەگە دىققەت قىلدىم. ئۇمۇ يىغلىغاندەك قىلمايتتى. ئەكسىچە ئۇنىڭ چىرايى ئىپادىسىز ئىدى. ئۇ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— ئىلگىرى بەخت ماڭىمۇ قۇچاق ئاچماقچى ئىدى، لېكىن ...

يېرىم سائەتتىن كېيىن پىكاپ سىلۋىيەنىڭ تۇرالغۇسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— بۈگۈنكى ئاخشام تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى، ماتېۋ. ئۆيگە كىرىپ بىرەر رومكا ئىچىپ ماڭامسىز؟

— بولمايدۇ، سىلۋىيە. قايتمىسام زادى بولمايدۇ.

— ئۆتۈنۈپ قالاي. نىكمۇ ئۆيدە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېسترامۇ رۇخسەت سورىغان. مەن يالغۇزلۇقتىن قورقىمەن!

ئاخىر سالاغا يەنە بىر قېتىم كەتكەن بولدۇم.

— بوپتۇ، بىر ئاز ئولتۇرۇپلا ماڭاي.

ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ شۇنى هېس قىلدىمكى، سىلۋىيە مېنى مەقسەتلىك چاقىرغان بولۇپ، ئۈستەلدە ئىككى كىشىلىك كەچلىك تاماق ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويۇلغانىدى. قارشى تەرەپ مېنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئايال خىزمەتكار لىقلاپ قۇيغان رومكىدىكى شامپاننى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتىم. كەچلىك تاماق ئۈستىلىدە (ئەمەلىيەتتە سىلۋىيە بىرەر نەرسە يەيدىغاندەك قىلمايتتى) ئۇ ماڭا هاياجان بىلەن تىكىلىپ:

— ماتېۋ. بىر ئىشنى سىزگە دېمىسەم زادىلا بولمايدۇ. مەن هازىر هەقىقىي چۈشەندىم. هايات ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەن. ئەگەر قوشۇلسىڭىز، مەن سىز بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتۈشكە ئىنتىزار، — دېدى.

ئىچىمدە نىدا قىلاتتىم: ئۆتۈنۈپ قالاي سىلۋىيە، بولدى سۆزلىمەڭ ...

مەن بۇ هالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گەپنى كېسىۋەتتىم.

— تولىمۇ ئەپسۇس، سىلۋىيە. بىز بەكلا كېچىكتۇق. مەن هازىرقى تۇرمۇشۇمدىكى قىممەتلىك ئادىمىمنىڭ يېنىدىن خۇددى سىز يېنىمدىن تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتكەندەك غايىب بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسەم ئەسلا بولمايدۇ.

— ماتېۋ. ئەمدىلىكتە قەلبىڭىزدە ماڭا ئازراقمۇ ئورۇن يوقمۇ؟

— سىلۋىيە. سىز هازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك گۈزەل ئەسلىمە! — مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، — ئەمدى قايتمىسام زادىلا بولمايدۇ.

— كەتمەڭ، مېنى هەرگىز يالغۇز تاشلاپ كەتمەڭ.

سىلۋىيە ئېتىلىپ دېگۈدەك كېلىپ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇشىغا، ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ نىك رىناردى كىرىپ كەلدى. ھەممىمىز ئۆز ئورنىمىزدا خۇددى بۇتتەك بىرپەس قېتىپ قالدۇق.

— كەچلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن! — نىك خېلىلا سالماق ئىدى. — تولىمۇ ئەپسۇس! بالدۇر قايتىپ كېلىپ سىلەرگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويدۇم، — نىك ماڭا نەپرەت بىلەن مىختەك تىكىلدى، — دوختۇر، خەير - خوش!

— ئۇ كەتمىسۇن! — سىلۋىيە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى.

نىك سىلۋىيەنى دۆشكەلەپ قويۇپ يەنە ماڭا يۈزلەندى.

— كېتىڭ.

— ئەمەلىيەتتىمۇ تېزرەك قايتىش نىيىتىدە ئىدىم. كەچلىكىڭلارغا خۇشاللىق تىلەيمەن!

مەن لىفتنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ تۇراتتىم. تۇيۇقسىز سىلۋىيەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نىك، سىز بىلمەيسىز! ھېچنېمىنى بىلمەيسىز!

ئارقىدىنلا بىرنەرسىنىڭ چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئازلا ئۆتمەي ئۆكسۈلى ئۆچكەن نىك ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ مېنى چاقىردى.

— تېز، تېز كېلىڭ دوختۇر!

مەن ئۆزۈمنى ئۆي ئىچىگە ئاتتىم. كۆردۈمكى، سىلۋىيە يەردە بىھوش ياتاتتى. مەن شۇندىلا نېمە ئىش بولغانلىقىنى پەملەپ بولدۇم ۋە دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ تىزلاندىم - دە، نىككە بۇيرۇق ئاھاڭىدا ۋارقىرىدىم:

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىز؟ دەرھال قۇتقۇزۇش ماشىنىسى چاقىرىڭ. تېز بولۇڭ!

نىك تېلېفوندا قۇتقۇزۇش ماشىنىسى چاقىرىۋاتقان شۇ پەيتتە كۆزۈم سىلۋىيەنىڭ تونجى قېتىم ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى يوقاتقان، لېكىن ھەقىقىي خاتىرجەملىك ئەكس ئېتىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلگەنىدى. دېمەك ئۆز گۈزەللىكى بىلەن ماڭا ھاياتىمدا تونجى قېتىم ھەقىقىي سۆيگۈنى ھېس قىلدۇرغان، ماڭا بەخت ئاتا قىلغان، لېكىن ئارقىدىن مېنى ھىجران ئوتىغا تاشلاپ غايىب بولغان سىلۋىيەنىڭ ئاشۇ چېھرى، ئاشۇ قىياپىتى كۆزۈمگە، قەلبىمگە، شۇنداقلا مېنىڭ ئەسلىمىلىرىم قويىنىغا سىڭىپ كەتتى ...

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن قۇتقۇزۇش ماشىنىسى دوختۇرخانىدىن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. مورتون شۇرمان بىزنى ساقلاپ تۇرغان بولۇپ، ئۇلار دەرھال سىلۋىيەنى ئالاھىدە جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. لېكىن، سىلۋىيەنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى بولمىش نىك رىناردى دېگەن بۇ زات توسۇۋېلىنىپ، ئىشىك تۈۋىدە قالغانىدى. ئەسلىدە مەنمۇ جىددىي قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، يۈرىكىم ئېغىپ، پۇت - قولۇم ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، نىككە ھەمراھ بولۇپ سىرتتا قالدىم. نىك نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئىلغا قىلالماي ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىنى تۇرغانىدى.

— ئەجەبا، سىز ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى خالىمامسىز؟ — نىك تۇيۇقسىز مەندىن سورىدى.

— ھازىر ئۇ شۇرمان دوختۇرنىڭ بىمارى.

— قاچاندىن باشلاپ؟

— ئەتىگەندىن باشلاپ! مەن ئەڭ ياخشىسى سىزگە ھەمراھ بولاي.

بۇ سۆزۈم ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟

— قارىغاندا، ئۆسمىدىن قان چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بۇ خىل ئېھتىماللىق ئىزچىل مەۋجۇت ئىدى. قىياسىمچە، ئۆسمە ئۇزۇكسىز چوڭىيىپ بارغان ئوخشايدۇ.

ئىنىك كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمەن، ئىنىك. سۆزۈمنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئازابلىنىشىڭىز تۇرغانلا گەپ. لېكىن، راست گەپنى قىلغاندا، سىلۋىيەنىڭ قايتا ھوشىغا كېلەلمەسلىكىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ بەختى!

ئۇ بىر قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، بېشىنى ئازاب بىلەن چايقىدى ۋە:

— سىز خاتالاشتىڭىز، تۈپتىن خالاشتىڭىز. ئۇ چوقۇم ياشىشى كېرەك، — دېدى يىغلامسىراپ.

مەن ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردىم.

— ئىنىك، شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، مەيلى سىز ياكى باشقا بىرى بولسۇن، قانداقلا قىلغان بىلەن ئايالىڭىزنىڭ تەقدىرىنى ھەرگىزمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ!

— ياق، — ئۇ ئېتىراز بىلدۈردى، — بۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ خاتالىقىم. مەن ئەلۋەتتە ئۇنى بالدۇرراق سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئەكېلىسەم بولاتتى، لېكىن مەن ئۇنداق قىلمىدىم، چۈنكى ... ھەي، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش مەن ئۈچۈن بەكلا قىيىن. مەن ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم. مەن ئۇنى قىز چاغلىرىدىلا چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، — ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ مېنىڭدىن دەل ئون سەككىز ياش كىچىك ئىدى. ئەمەلىيەتتە ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، ئالدى بىلەن مەن كېتىشىم كېرەك ئىدى. شۇنداقمۇ دوختۇر؟

مەن لام - جىم دېمىدىم. دەل شۇ چاغدا بىر سېستىرا قېشىمىزغا كېلىپ نېمە ئىچىدىغانلىقىمىزنى سورىدى. مەن ئىككى ئىستاكان قەھۋە بۇيرۇپ، ئىنىكنى قولتۇقىدىن يۆلەپ يان تەرەپتىكى ئورۇندۇق يېنىغا ئېلىپ كەلدىم. بۇ چاغدا ئۇ خېلىلا تىنچىپ قالغان بولۇپ، كۆزۈمگە تۇيۇقسىزلا كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويغان ھامان ئۇ يىغىنى باشلىدى. بىز شۇ ھال بىلەن خېلى ئۇزاق ئولتۇردۇق. بىر چاغدا ئۇ ماڭا ئۆرۈلۈپ:

— سىز ئۇنى ھەقىقىي چۈشەنمەيسىز! ئۇ قىز چېغىدىلا ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەن. قەلبى قاتتىق ئازار يېگەن. دېمەكچىمەنكى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئاپىسى ۋەقەگە ئۇچرىغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن! — دېدى ئېغىر ئۇھسىنىپ.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئۇنسىز قۇلاق سېلىپ، ئۈندىمەي تۇردۇم.

— سىلەر ئەينى چاغدا ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا، يەنى سىزگە ئوق تەگكەندە، ئۇ يەنە بىر قېتىم قاتتىق قورقۇپ كەتكەن.

«مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى تەرگەپ يۈرىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە.

— شۇ چاغدا ئۇ تېلېفون ئارقىلىق پەقەت ئۆزىنى بىر ئۆمۈر ئاسرىسىلا، دەرھال مەن بىلەن توي قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ...

مەن يەنىلا لام - جىم دېمەي ئۇنىڭ بايانلىرىغا قۇلاق سالاتتىم. ئۇ بەزى ئىشلارنى مېنى بىلسۇن دەپ قارىغانىكەن، مېنىڭ ئاڭلاشتىن باشقا ئامالىم يوقتە، ئەلۋەتتە!

— مەن ئۇنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق دەپ قارىغان بارلىق پۇرسەتلەردىن قانداق پايدىلىنالايدىغانلىقىنى

ئوبدان بىلىمەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە سىز ھاياتنى كۆچكە ئىگە ئىكەنسىز. ئۇ چوقۇم سىزنىڭ قولىڭىز ئارقىلىق ھەممىگە ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ. سىلۋىيەنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى باشتىن ـ ئاخىر كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈش ئىدى. يىگىرمە يىل ئىلگىرى شۇ مەقسەت بىلەن مېنى ئىزدىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزى ئۈچۈن سىزنى ئىزدەپ كەلدى!

مەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق نەزىرىم بىلەن تىكىلدىم.

— نىك، ئەمدىلىكتە بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن.

— سىزنىڭ مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنگەنلىكىڭىز مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم. بىلىپ قېلىڭكى، ئۇ ھايات چېغىدىمۇ، ئۆلگەندىمۇ بەربىر مەڭگۈ مېنىڭ!

شۇ چاغدا چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مورتون شۇرمان ئالدىمىزدا پەيدا بولدى.

— ھۆرمەتلىك نىك رىنارىدى ئەپەندى، — خېلى دىققەت قىلمىسا ئۇنىڭ ئاۋازىنى تۇزۇك ئاڭلىغىلى بولمايتتى، — ئىنتايىن ئەپسۇس...

نىك دەرھال بېشىنى سىلىپ مەيدىسىگە كىرىست بەلگىسى سىزدى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتۈندى:

— مەن ئۇنى كۆرۈپ چىقسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

ئۇ مورتوننىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز مېنىڭدىن:

— ئۇ ئىنتايىن ياخشى ئايال ئىدى، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە جاۋابىمنى كۈتمەستىنلا ئالاھىدە جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە ئالدىراپ كىرىپ كەتتى.

مەن ئازاب بىلەن ئاستا: «شۇنداق نىك، سىلۋىيە ناھايىتى ياخشى ئايال ئىدى!» دېدىم ئىچىمدە.

## خاتىمە

يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. مەن پەلتويۇمنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالدىم ۋە دەريا بويىغا كېلىپ مەقسەتسىز ئايلىنىشقا باشلىدىم. يۈرىكىم ئازاب بىلەن مۇجۇپ ئاغرىيتتى. ئارىلىقتىن تەخمىنەن ئىككى سائەتلەر ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن، يامغۇر ھېچ توختاي دېمەيتتى. ئىختىيارسىزلا يېنىك بىر ئۇھ تارتىش بىلەن تۇيۇقسىزلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم. چۈنكى، مەن مۇشۇ يىگىرمە يىل داۋامىدا تۇنجى قېتىم ئەركىنلىككە، يەنى ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەنىدىم. مېنى شۇنچە ئۇزاق يىل ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان ئەرۋاھنىڭ چاڭگىلىدىن ئاخىر قۇتۇلغانىدىم!

ئەتراپقا قاراڭغۇلۇق پەردىسى يېيىلدى، تۇيۇقسىز چاقىرغۇم سايراپ كەتتى. ئېلىپ قارىسام «ئايالىڭىز سىزنى ساقلاۋاتىدۇ» دېگەن جۈملە ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

ئۇستىبېشىم ھۆل ھالدا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئاچقۇچۇمنى قۇلۇپقا سالدىم. ئۆي ئىچىدىن بوراميسنىڭ «F مازورلۇق سوناتا» سى يېقىملىق ياڭراۋاتاتتى. ئۆيگە كىرىپ مۇزىكا مەشىق قىلىش ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن قارىسام، ئېۋى دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە ئۆزى چېلىۋاتقان مۇزىكىنىڭ سېھرى بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇغان بولۇپ، ئىستېربىئولۇق ئاۋاز ساندۇقىدىن چىقىۋاتقان پىيانىنونىڭ مۇڭلۇق تەڭكەش كۈيى كىشىگە ئاجايىپ رومانتىك تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى. كۈي قوينىغا غەرق بولۇپ كەتكەن ئېۋى مېنىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىمنى قىلچىمۇ سەزمىگەن بولۇپ، پەقەت مەن ئىستىپ-

رىئولۇق ئاۋاز ساندۇقىنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىۋەتكەندىن كېيىنلا مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى. مەن دەرھال بىگىز بارمىقىمنى لېۋىمگە تەگكۈزۈپ ئۈنى لام ـ جىم دېمەسلىككە ئۈندىدىم ۋە كىتاب تەكچىسىدىن بورامىسنىڭ پىيانىنو مۇزىكىلىرى نوتا توپلىمىنى ئېلىپ، پىيانىنو ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. قوللىرىم ھاياجان ئىلكىدە يېنىك تىترەيتتى. مەن نوتىلار ئارىسىدىن ئېۋى باياتىن ئورۇنلىغان كۈي بۆلىكىنى تېپىپ ئېۋىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلدىم.

ـــ بىز 94 ـ نومۇردىن باشلايلى بولامدۇ؟

ئېۋى ھەيرانلىق ئىلكىدە بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى.

مەن پىيانىنونىڭ تىللىرىنى ئىشەنچ بىلەن بېسىشقا باشلىدىم. بارماقلىرىم ئۆزۈمگە باقمايۋاتقاندەك قىلاتتى ـ يۇ، لېكىن ھەرھالدا مېنى ئوسال قىلىپ قويمىدى. مەن شۇ تەرىقىدە ئىككىنچى ئاساسىي مېلودىيەنى ھەرھالدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغان بولدۇم. بۇ چاغدا ئېۋىمۇ قولىدىكى كامالەكنى يېنىك ئوينىتىپ، مەن باياتىن ئورۇنلىغان مۇزىكىنى چېلىش بىلەن ماڭا ماسلاشتى. بىز بورامىسنىڭ مۇزىكا تىلى بىلەن مۇڭلانغىنىمىزچە، بىر ـ بىرىمىزنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقلىرىغا قاراپ ئاستا شۇڭغۇدۇق. دېمەك، بىز ئۆزىمىز ئورۇنلاۋاتقان كۈي مەركىزىدە باشقىدىن ئۇچراشقانىدۇق. بۇ بىر مۆجىزە، شۇنداقلا بىر خىل ئىنتايىن تەبىئىي بولغان ساپ ھېسسىيات ئىدى. مەن شۇندىلا ئۆزۈمنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئەسلىمىگە قايتىۋاتقانلىقىمنى، شۇنداقلا زادى قايسى كۈچنىڭ شۇنچە ئۇزاق يىللاردىن بۇيان مېنىڭ مۇزىكا تۇيغۇمنى بېسىپ ياتقان قاباھەتتىن تۇيۇقسىزلا يۇلقۇنۇپ چىقىشىمغا ئىشەنچ ئاتا قىلىۋاتقانلىقىمنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلماقتا ئىدىم ... بىز كۈي تازا ئەۋجىگە چىققاندىلا، ئاندىن بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ يېنىك تىندۇق.

ـــ ئېۋى ...

ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئۈزۈۋەتتى.

ـــ ئەمدى ئىككىنچى قىسمىنى ئورۇنلايلى.

ئېۋى سۆزىنى تۈگىتىپلا ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ، ئىنتايىن يېنىك ئاھاڭدىكى مۇزىكىنى چېلىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا پىيانىنونىڭ سېھىرلىك ئاۋازىمۇ بىرپەستىن كېيىن ئىسكىرىپكىدىن چىقىۋاتقان مېلودىيە بىلەن بىرىكىپ كەتتى! دېمەك، تەڭكىشىمىز ئەۋجىدە مۇڭلىنىۋاتقان بۇ مۇزىكا بۇ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق، شۇنداقلا ئەڭ تەسىرلىك مۇھەببەت مېلودىيەسى ئىدى ...

ـــ ئېۋى مەن سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن! ـــ دېدىم پەس ئاۋازدا، ـــ سىزنى تۇنجى كۆرگەندىن باشلاپلا ئىزچىل ياخشى كۆرۈپ كەلدىم. دەرۋەقە تارتىنچاقلىقىمدىن پەقەتلا ئېغىز ئاچالمىغان بولساممۇ، لېكىن مۇزىكا مەشىق قىلىش داۋامىدا ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلاشقا جىق ئۇرۇندۇم...

ـــ مەن بىلەتتىم! ـــ ئېۋىنىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىغان ئۇنچىدەك ياشلار ئىسكىرىپكا ئۈستىگە تامچىلايتتى، ـــ شۇ چاغدا سىز مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلىغان بولسىڭىز، ئەلۋەتتە مېنىڭ كېتىشىمگە ھەرگىزمۇ يول قويمىغان بولاتتىڭىز.

ـــ ھازىر ئۇ ئىشلارنىڭ مۇھەببىتىمىزگە تەسىرى بارمۇ؟ ـــ مەن ئۇنىڭغا ئوتلۇق تىكىلدىم.

ـــ يوق، قەدىرلىكىم ماتېۋ! ـــ ئۇ ئاستا كېلىپ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى، ـــ بىز پەقەت مەڭگۈ بىللە بولالىساقلا شۇنىڭ ئۆزى ھەممىدىن مۇھىم!

كېيىنكى مېلودىيەمىز تېخىمۇ مۇھەببەتلىك ئىدى...

(خەنزۇچە «تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى 1998 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىن)

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - IST.

# بىر ئادەمنىڭ كەچۈرمىشلىرى

مىخائىل زادورنوف (رۇسىيە)

سۇلتانى تەرجىمىسى

1

مۇخبىر بودىياكىن ئازادە ئۆيىدە ئويغىنىپلا ئەتراپىدىكى رەزىللىكلەرگە چىداپ بولالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆمرى ھەر خىل رەزىل ھادىسىلەر بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۆتتى: تۈرمۈشتىكى چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلەرنى پاش قىلدى، رېئاللىقتىكى ناھەقچىلىكلەرنى تەنقىد قىلدى، ئادىمىيلىك جەھەتتىكى ئاجىزلىقلارنى قامچىلىدى ... بىراق ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولدى؟

دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىنى ئىس ـ تۈتەكلەر، ئوت يالقۇنلىرى قاپلىغان، ھاكىمىيەت قايتا ـ قايتا ئالماشقان، ھۆكۈمەت پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان ئادەم يوق، نېفىتلىك قۇرۇپ كەتكەن، ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن يامان ھاۋا رايى تەسىرىدىن يەر شارىمۇ قاياققا قاراپ ئايلىنىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

يېمەكلىك تەركىبىدىكى خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ كۆپلۈكى، دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە باشقا زىيانلىق ماددىلار كىشىنى چۆچۈتەتتى. بىر توپ قاغا كۆكتات ئېتىزىدا بىر قانچە تال بۆلجۈرگەننى يېۋىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئىككىسى جايىدىلا جان ئۈزدى.

چىۋىن ئاپەتكە ئايلاندى. بالىلار بارغانسېرى ساۋاتسىز قېلىۋاتىدۇ. ئوغلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ماقالىسىدە مۇنداق يېزىپتۇ: «ئاننا كارېنىنا پويىزغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالدى. چۈنكى، ئۇ ئېتىقاد ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغۇچى.» قىزىمنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى پۇلدار ئەر تېپىش، ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە كومپيۇتېردىن دوست تېپىش بىلەن ھەلەك. خوتۇنۇمچۇ، ئۇنىڭغا سۆگەت توزغىقى ئېغىر رېئاكسىيە بېرىدۇ. بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ئولتۇرىدىغان قوشنىمىز ئۆتۈپ كەتكەن ھاراقكەش، ئۇ ھەر كۈنى يېرىم كېچە بىلەن دەلدەڭشىگىنىچە، قەدەمدە بىر يىقىلىپ ئۆي جاھازلىرىنى چېقىپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىدۇ.

بىراق، كىشىنى ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى، ھەممە ئادەم ئاساسەن ئۆزگىرىپ كەتكەندى. تەكەببۇرلۇقۇ ئېپتىخارلىقنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، ھەمكارلىق مۇھەببەتنىڭ ئورنىغا دەسسىدى، مەنپەئەت دوستلۇقنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

بودىياكىننىڭ ۋەتىنىگە بولغان نارازىلىقى تولۇپ تاشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، غەرب ئەللىرى ھەقىقەتەن مەدەنىي دۇنيا ـ دە، ئۇ يەردە ھاراقكەش قولۇم ـ قوشنىلار يوق، ئەتراپتا سۆگەت توزغىقى دېگەن نەرسە ئەسلا يوق، كىشىلەرنىڭ يازغان ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىۋېرىدۇ. ھېچكىم ئۇلارنى «تىلى راۋان ئەمەس» دەپ تىللىمايدۇ.

2

مەلۇم بىر مۇھاجىرلار گېزىتىنىڭ مۇخبىرى بودىياكىن نيۇيورك شەھەر سىرتىدىكى بىر كىچىك بىنانىڭ بىر ئېغىزلىق تار بالىخانىسىدا ئويغىنىپ، بۇنداق چىدىغىلى بولمايدىغان تۈرمۈشتىن جاق تويدى.

بەش يىلدىن بۇيان ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك يەرلىك سىياسىيونلارنى تەنقىد قىلدى، نامۇۋاپىق باجغا قارشى تۇردى، چاكىنا ئادەملەرنى مەسخىرە قىلدى، بىراق بۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولدىمۇ؟ ئاشۇ چاكىنا ئادەملەر ئەدناسى ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي، تېخىمۇ كالۋالىشىپ

كەتتى، يېمەكلىكلەرگە قوشۇلۇۋاتقان خىلمۇخىل
خۇرۇچلار، قىزا پولى ئېتىلىپ بىلەن ئورالغان،
توخۇ سۈنئىي بېقىلغان، تۇخۇممۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا
بېقىلغان توخۇلارنىڭ تۇخۇمى...

مانا بۇلارمۇ بودياكىن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ
ئارزۇ قىلغان تۇرمۇشمۇ؟ باللارمۇ تېخىمۇ مەدەنى-
يەتسىز، تەربىيە كۆرمىگەندەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ،
چېۋىنلەر ھەممىلا جايدا زىيانكەشلىك قىلماقتا،يې-
رىم كېچە بىلەن قۇتقۇزۇش ماشىنىلىرىنىڭ
ئەنسىز چىرقىرىغان ئاۋازى دېرىزىلەردىن خۇددى رە-
ھىمسىز چىش دوختۇرلىرىنىڭ سۇپەتسىز ئۇشكە
بىلەن كېنگۇرۇنىڭ چىشىنى تېشىۋاتقاندەك ئاڭلان-
غان، ئەگەر بودياكىن غەرب دۆلەتلىرىدىمۇ قۇتقۇ-
زۇش ماشىنىلىرىنىڭ ئاۋازىنىڭ بۇنداق چىرقىراق-
لىقىنى بىلگەن بولسا شەرقنى تاللىغان بولار
ئىكەن.

كىشىنى ئەڭ ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغىنى يەنىلا
ئادەم، نازاكەتلىك كۆلكىلەر ئارىسىغا ساختىلىق، يا-
سالمىلىق يوشۇرۇنغان، ئاسىيلىقنى سىلىق - سى-
پايە ئىشلار بىلەن ياپقان، ئەدەپ - ئەخلاق ئارىسىغا
سوغۇق مۇئامىلە يوشۇرۇنغان. ئۇ مانا شۇ كىشىنىڭ
غەزىپىنى قوزغايدىغان چىدىغۇسىز يىرگىنىشلىك
تەپسىلاتلارنى ماقالىسىگە سىڭدۈرۈپ يازدى. ھەم مۇ-
ھەررىر بىلەن قەلەم ھەققىنى تەڭ بۆلۈشىدىغانلىقى-
نى كېلىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماقالىلىرى
گېزىت - ژۇرنالدىن ئورۇن ئالالمىدى!

بودياكىننىڭ بۇنداق مەدەنىي دۇنياغا بولغان
ئۆچمەنلىكى چەندىن ئېشىپ كەتتى، ۋەتەنگە
قايتىش كېرەك! قايتقاندىمۇ موناستىرغا كىرىش
كېرەك! ئۇ موناستىردىن بىر ئېغىزلىق يالغۇز كى-
شىلىك ئۆي ئالدۇ، ئۇ يەردە ئۆرپ - ئادەت ئاۋارىچى-
لىكى يوق، يېمەك - ئىچمەكلىرى ئادەتتىكىچە. پاي-
دىلىق.

3

موناخ بودياكىن موناستىردىكى بىر ئېغىزلىق
ئۆيدە ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. ئاندىن ئۆزىنى توختى-
تىپ ئويلىنىشقا باشلىدى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق
قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ موناستىردا تۇرغىنىغا ئون
يىل بولغانىدى. نەتىجىسى زادى قانداق بولغاندۇ؟
ئۇنىڭ موناستىردىكى تاپىتىن چىققان يولسىزلىقلارغا
چىدىغۇچىلىكى قالمىدى.

پوپلار ھەر كۈنى دىنىي نام - ئاتاقلار خۇسۇسى-
دا ئۇرۇش - تالاش قىلغان، چېركاۋ تەۋەسىدىكى
پۇقرالار ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي خۇداغا ئېتىقاد قىلى-
دىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچىشمىسىمۇ، ئەمما خۇ-
دادىن تەلىپى قاندۇرۇلغاندىلا، ئاندىن خۇداغا ئېتىقاد
قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلغاندىكى ئەڭ سەمىمىي-
لىكى ھەرگىز چېركاۋدا بولماستىن، بەلكى ئايروپىلان-
دا ئولتۇرغان چاغدا بولاتتى. چېركاۋ تەۋەلىكىنىڭ كا-
تىپلىرى پۇل، مال- دۇنيا ئۈچۈن دىنىي قائىدىلەرگە
بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلاتتى. چېۋىنلەرمۇ تەپ تارتى-
مايلا خالىغان يەرگە قونۇۋالاتتى. پوپلارنىڭ تۇرىدىغان
جايىدا ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرى يوق بولۇپ،
ھېچكىم پەرھىز تۇتمايتتى.

موناستىر دۆلەتنىڭ مۇھىم ھوقۇقىنى تۇتقانلار-
نىڭ قەلئەسى بولۇپ، تاملىرى رەقىبلىرىنىڭ توپ -
زەمبىرەك ئوقلىرىدىن ئۆتمەستۆشۈك بولۇپ كەتكەن،
ھازىر بىر قانچە ئەسىرلەردىن بۇيانقى بوران- چاپقۇنلار
ھەممە ئىزنالارنى يوقىتىۋەتكەن، دەرۋازا ئالدىدىكى
يۇندى يولى ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى يېكاتېرىنا II
نىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە ياسالغان بولۇپ، موناس-
تىرنىڭ ئارقىسى ئەخلەت مەيدانى، موناستىرنىڭ تام-
لىرىنىڭ ھەممە يېرىگە سايابەتچىلەر قاغا پۇتى خەتلەر-
نى يېزىپ قالايمىقان ئىزلارنى قالدۇرغانىدى.

بودياكىننى ئەڭ ئۈمىدسىزلەندۈرگىنى يەنىلا
ئادەم، موناخلار ھەر كۈنى ئىشىك ئالدىدا ساختا ئا-
سار ئەتىقىلەرنى ساتقان، ھەر كۈنى ئەتىگەندىكى قەسى-
دە ئوقۇغاندا چىققان بەتبۇي ھاراق پۇرىقى ئەۋلىيالارغا
ئاتاپ ياققان ئىسرىق پۇرىقىنى بېسىپ كېتەتتى.
ئىشىك باقارلار بىر تال شامنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىم
شامنى پۈتۈن شام باھاسىدا ساتاتتى.

بودياكىن موناستىر باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا
«يا يىغلاشنى ياكى كۈلۈشنى بىلمىدۇق»، دېگەن ماۋزۇ-
لۇق تەكلىپ تەربىقىسىدىكى بىر پارچە تام گېزىتى چى-

قىرىپ، موناستىردىكى ھەر خىل رەزىللىكلەرنى مەسخىرە ۋە تەنقىد قىلدى. بىراق، موناستىر باشلىقى قاپىقىنى تۈرۈپ:

—— موناستىرنىڭ تام گېزىتى يېتەرلىك، سەن بۇ تام گېزىتىڭنى قەيەرگە چىقىرىشنى خالىساڭ، شۇ يەردە چىقار، —— دېدى.

بودياكىننىڭ ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىدىن بېشى چۈشۈپ، دەرد ـ ئەلەم يۈرىكىنى ئۆرتىدى، ئاخىر خۇداغا ئىلتىجا قىلدى:

—— ھەي خۇدا، مېنىڭ روھىمنى ئېلىپ كەتسەڭ! مېنىڭ پاك روھىم جىنايەت بىلەن تولغان زېمىندا سىغقۇدەك بىر ئورۇن قالمىدى، مەن پەقەت ساڭىلا ئېتىقاد قىلىمەن، سەن ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىشنى خالايمەن.

4

بودياكىننىڭ روھى باقىي دۇنيادا لاغايلاپ يۈرگىلى كۆپ يىللار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەردىن جان سىغدۇرغۇدەك بىر پىنھان جاي تاپالمىدى، باقىي دۇنيادىكى جىنايەتلەرنىڭ بۇنداق چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بودياكىن ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى، چىۋىنلەر ھەممىلا يەردە مۇتتەھەملىك قىلىۋاتقان؛ ئۇلار زادى قانداق كەلگەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق جايدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى بودياكىن يەر شارىدىكى چاغدا سۆككەن، شىكايەت قىلغانلارنىڭ روھى ئىكەنغۇ، ھازىر ئەكسىچە ئۇلار بودياكىننى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ! ئەسلىدە سېپىنت پېتېر ئازغىنا تەپنى دەپ قولىدىكى ئاچقۇچ بىلەن جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ، ئۇلارنى كىرگۈزۈپ قويغان، بەزى چاغلاردا تېخى ئۇ بىرەرسىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا نۆۋەتچىلىككە قويۇپ ئىشىك باققۇزۇپ، ئۆزى ئىنسانلار ئارىسىغا بېرىۋالغاننىڭ ئۈستىگە ھەر قېتىم غەرق مەست بولۇپ، قايتىپ كېلىدىكەن تېخى.

ھازىر دوزاخنىڭمۇ قورققۇچىلىكمۇ قالماپتۇ، چۈنكى دوزاخ ھازىر قەيەرگىلا قارىماڭ، لەرزان مۇزىكا، يېقىملىق ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، دوزاختا تاشلانغانلار ھازىر بۇرۇنقىدەك كۆيدۈرۈلمەيدىكەن، بەزى ھاللاردا بىرەرسىنى قازانغا تاشلىغاندەك قىلغان بىلەن، ئۇ بىر شەكىلگىلا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئوچاقتا ئوت يوق ئىكەن، گۈڭگۈرت ئاللىبۇرۇن ئىشلىتىلىپ بولغان، تەمىنلەشنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىكەن.

بودياكىننىڭ روھى ھەممىلا يەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرمەكتە. ئەمدى ئۇ قانداق قىلسا بولار؟ ئۇ خۇدانى ئۆزى ياراتقان بۇ دۇنياغا كۆزىنى ئېچىپ بېقىشقا دالالەت قىلسۇن! پەقەت خۇدالا ھەممىگە قادىر ...

ئىنسانلار ئولتۇراقلاشمىغان ئاي شارىنىڭ ھەممىلا يېرى قۇملۇق بولۇپ، تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە، بىر خىل سۆسۈن نۇر ئەتراپقا تارالدى. بودياكىننىڭ روھى قۇملۇقتا قاتتىق چارچىدى، خۇدا ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويغانىدى.

—— مەن سېنىڭ تەلىپىڭنى ئورۇندىدىم، —— دېدى خۇدا غەزىپىنى باسالماي تۇرغان روھقا قاراپ.

بۇ جاي ھەرھالدا بولىدىكەن. بودياكىننىڭ روھىنىڭ نېمىلا دېگەنبىلەن ئارام ئالىدىغان جايى بار بولدى، ئۇ يەردە ھېچقانداق ئادەم يوق. ئەمدى ئۇنى ھېچكىم يەر شارىدىكىدەك ئاۋارە قىلالمايدۇ!

بودياكىننىڭ روھى قۇملۇقتا خۇددى ھۇرۇن يىلانغا ئوخشاش تازا كېرىلىۋېلىپ تاتلىق بىر مۈگدىۋالدى، بىراق ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇشىغا بىر چىۋىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۇياقتىن ـ بۇياققا گىژىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئويمان ـ دوڭغۇل ئويۇقتىن قىڭغىر ـ قىيسىق ھالەتتە ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقىنى قۇياش بولماستىن، بەلكى يا قارا ئەمەس، يا سۆسۈن ئەمەس، ئىنتايىن سۇس رەڭدىكى شار ئىدى.

«ئەجەبا بۇ جايمۇ ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ قويۇپ، خەقنى ئەخمەق قىلىدىغان جاي ئوخشىمامدۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆڭلى لاسىدە بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا بودياكىن يەر شارىغا قايتىپ كېتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلدى ...

(«ئوقۇرمەنلەر» ژۇرنىلى 2011 ـ يىلى 10 ـ سانىدىن)



# ديھقانچىلىق مەيدانىدىكى مالاي قىز

موپاسسان (فىرانسىيە)

مۆمىن روزى تەرجىمىسى

1

ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ياللانما ئىشچىلىرى چۈشلۈك تامىقىنى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن تېز يەپلا مېڭىشتى.

ئازادە ـ كەڭ ئاشخانىدا مالاي قىز روسىسىلا يالغۇز قالدى. ئوچاقتىكى قازاندا لىقمۇلىق ئىسسىق سۇ بار ئىدى. ئوچاقنىڭ ئوتمۇ ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى يۇمماقتا ئىدى، روسسى پات ـ پات قازاندىن ئىسسىق سۇ ئېلىپ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قاچا ـ قۇچىلارنى يۇياتتى. كۈننىڭ نۇرى دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ، ئەينەك پارچىلىرى ئۈستىدە چاقنايتتى.

ئۈچ مېكىيان ئورۇندۇق ئاستىغا يوگۇرۇشۇپ كىرىپ، بولكا ئۇۋاقلىرىنى ئىزدەيتتى، ئۆي قۇشلىرى مەيداندىن كېلىۋاتقان بەتبۇي پۇراق، قوتاندىن تارقىلىۋاتقان ئىسسىق ھاۋا قىيا ئېچىقلىق تۇرغان ئىشىكتىن گۇپۇلدەپ ئاشخانىغا كىرەتتى؛ تونۇردەك قىزىپ كەتكەن چۈش ۋاقتىدا ئەتراپ شۈنچىلىك جىمجىت ئىدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ خورازلارنىڭ چىللاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

قىز قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇپ بولۇپ، ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلارنى پاكىز سۈرتۈپ، ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، لېگەن ـ تاۋاقلارنى ئېلىپ، ياغاچ قاپلىق سائەتنىڭ يېنىدىكى ئېگىز جاۋەنگە تىزىپ قويدى ـ دە، بىر ئاز دېمىنى ئالدى. نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ ئىچى سىقىلغاندەك بولدى. ئۇ قارىداپ كەتكەن تاملارغا، ساڭگىلاپ تۇرغان ئۆمۈچۈك تورلىرىغا، ئىسلىنىپ كەتكەن غولپىيازنىڭ قارامتۇل غوللىرىغا كۆز تاشلىدى؛ بىر چاغدا چىدىغۇسىز سېسىق پۇراق گۇپپىدە دىمىقىغا ئۇرۇلدى. مۇشۇنداق تىنچىق ھاۋادا چارچاپ ھالى قالمىغان روسسى كونا ئادىتى بويىچە ئازراق يېگىنە ئىشى قىلغاچ ھاۋالىنىش ئۈچۈن، ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇرغان قۇياشقا قاقلىنىپ، كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالدى، پۇت ـ قوللىرىغىمۇ جان كىرگەندەك بولدى.

ئىشىك ئالدىدىكى قىغ دۆۋىسىدىن سۇس ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، مېكىيانلار قىغ ئۈستىدە يېنىچە يېتىۋېلىپ ئېغىنايتتى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بىر پۇتى بىلەن قىغنى تاتىلاپ، قۇرت ئىزدەيتتى. مېكىيانلارنىڭ ئارىسىدا بىر خوراز مەغرۇر گىدىيىپ يۈرەتتى، ئۇ خالىغان چاغدا بىر مېكىياننى تاللاپ،

ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، قانات سۆرەيتتى. مېكىيان بولسا خۇشياقمىغاندەك توختاپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك پۇتلىرىنى ئېگىپ، قاناتلىرىنى يېيىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە خورازنى قوبۇل قىلاتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ سىلكىنىپ، تۇپا-چاڭلارنى قېقىۋېتىپ، قىغىنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. خوراز بولسا قوقوقلاپ، ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى نامايان قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن باشقا ھويلىلاردىكى خورازلارمۇ بىر-بىرىگە جور بولۇپ، بىر-بىرىگە مۇھەببەت جېڭى ئېلان قىلغاندەك بەس-بەس بىلەن چىللىشىپ كېتەتتى.

مالاي قىز ھېچ نەرسىنى ئويلىماي، توخۇلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، قاردەك ئاپپاق ئېچىلىپ كەتكەن ئالما گۈللىرىگە قاراپ، كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر تايچاق ئويناقلاپ چىقتى-دە، كۆچەت تىكىلگەن جىلغىنى بويلاپ ئىككى قېتىم چېپىپ ئۆتتى. روسسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە شىپپىدە توختاپ، ئۇنىڭ يالغۇز ئولتۇرغىنىغا ھەيران قالغاندەك، ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

مالاي قىزنىڭمۇ يۈگۈرگۈسى، ھەرىكەت قىلغۇسى، جىمجىت ۋە ئىللىق ھاۋادا پۇت-قوللىرىنى سوزۇپ يېتىپ، راھەتلەنگۈسى كەلدى. ئۇ بىرنەچچە قەدەم ماڭدى، لېكىن ئىككىلىنىپ توختاپ قالدى. كۆزلىرىنى يۇمدى، ۋۇجۇدىنى بىر خىل كۈچلۈك راھەت-پاراغەتلىك ۋە خاتىرجەملىك ئىلكىگە ئالغاندەك بولدى، ئاندىن ئەزمىلىك بىلەن توخۇ كاتىكى تەرەپكە بېرىپ، ئۇ يەردىن ئون نەچچە تال تۇخۇم تېرىۋالدى، قايتىپ كېلىپ جاۋەنگە سېلىپ قويدى، ئاشخانىنىڭ پۇرىقىدىن كۆڭلى ئاينىپ، ئۇ يەردىن تېزلا قايتىپ چىقتى ۋە ئوت-چۆپلۈككە كېلىپ ئولتۇردى.

دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ دەل-دەرەخ بىلەن قاپلانغان بۇ ھويلىسى ئۇيقۇغا كەتكەندەك تىمتاس ئىدى. ئېگىز ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر باھارنى ئۆزىنىڭ زۇمرەتتەك ياپېشىللىقى بىلەن نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئوت-چۆپلەر ئارىسىدا سېرىق ماماكاپلار كىرىستال چىراغدەك چاقنايتتى. ئالما دەرەخلىرىنىڭ سايىسى پەسكە چۈشكەنىدى. كەپە ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدە يوپۇرماقلىرى پىچاققا ئوخشايدىغان چىغىرتماق گۈللەر ئۆسۈپ كەتكەنىدى.

روسسى لاپاسقا كىردى، ئۇنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك دېھقانچىلىق ماشىنا-سايمانلىرى قويۇلغانىدى. لاپاسنىڭ بىر تەرىپىدە يوغان بىر ئورەك بار ئىدى، ئورەكنىڭ تېگىدىكى بىر يېشىل كاماردا خۇش پۇراق بىنەپشىلەر ئۆسۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىن جىلغا تەرەپكە قارىسا، تۈپتۈز كەتكەن پايانسىز دالىلارنى، ئېكىنزارلىقلارنى، دەل-دەرەخلەرنى، يىراقتا بىرنەچچە بۆلەككە بۆلۈنۈپ ئەمگەك قىلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى.

روسسى ئامباردىن بىر باغلام قۇرۇق ئوت-چۆپ ئېلىپ چىقىپ، ئورەككە تاشلىدى-دە، ئۈستىدە بىردەم ئولتۇردى، ئۆزىنى بىتاپ بولۇپ قالغاندەك سېزىپ، ئوت-چۆپنى يېشىپ يېيىتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى بىلىكىنى ياستۇق قىلىپ، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتتى.

ئۇ ئاستا-ئاستا كۆزلىرىنى يۇمدى، يۇمشاق چۆپنىڭ ئۈستىدە راھەتلىنىپ يېتىپ، شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى، بىر چاغدا بىر جۈپ قولنىڭ مەيدىسىنى سىلاۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى-دە، دەرىڭىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. ئەسلىدە ئۇ ئېگىز بويى، ساغلام كەلگەن پىكاردلىق يىگىت، ياللانما ئىشچى ياك ئىدى، يېقىندىن بۇيان ئۇ روسسىنى قوغلىشىپ يۈرەتتى. بۈگۈن ئۇ قوي ئېغىلىدا ئىشلەۋېتىپ، قىزنىڭ سالقىن ئورەكتە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، قىلچە شەپە چىقارماي، ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ياك قىزنى قۇچاقلاپ سۆيمەكچى بولدى، بىراق قىزمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا قاۋۇل بولغاچقا، ئۇنىڭ قولاق تۈۋىگە كېلىشتۇرۇپ بىر شاپىلاق سالدى. يامان نىيەت بىلەن كەلگەن ياك

يالغاندىن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى يارىشىپ قالدى ۋە بىللە ئولتۇرۇپ ئەركىن مۇڭداشتى، ئۇلار ھاۋانىڭ زىرائەتلەرگە بولغان پايدىسى، بۇ يىل مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد بارلىقى، ئۆزلىرىنىڭ غوجايىنىنىڭ كەڭ قورساق كىشى ئىكەنلىكى ھەققىدە پاراڭ قىلىشتى، ئاندىن قوشنىلىرى، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرى ھەققىدە، ئۆزلىرىنىڭ يېزىسى، بالىلىق چاغلىرى، ئىلگىرىكى سەرگۈزەشتىلىرى ۋە باشقا ئىشلار ئۈستىدە ياكى ئاتا ـ ئانىلىرى ھەققىدە پاراڭ قىلىشتى. روسسى بەزى ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك خىياللارغا چۆمدى. يىگىت بولسا كۆڭلىگە بىرلا ئىشنى پۈكۈپ، بارغانسېرى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، سۈركىلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى توك سوقۇۋەتكەندەك تىترەپ، بىر خىل شەھۋانىي ئىستەك ۋۇجۇدىغا تارالدى.

— ئانامنى كۆرمىگىنىمگە ناھايىتى ئۇزاق بولدى، — دېدى روسسى، — بۇنداق جۇدالىققا ئادەم راستتىنلا چىدىمايدىكەن.

ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى يىراق ـ يىراقلارغا تىكىلدى، خىيال كەپتىرى ئايرىلىپ كەتكىنىگە ناھايىتى ئۇزاق بولغان يېزىسىغا ئۇچۇپ كەتتى.

يىگىت تۇيۇقسىز ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، ئۇنى يەنە سۆيۈۋالدى. قىز ئۇنىڭ يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ قاتتىق بىر مۇشت سالدى. ياكنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، بۇرنىدىن شۇ ئان ئوقتەك قان كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزدىن نېرىراق تۇرماقچى بولۇۋىدى، بېشى دەرەخنىڭ شېخىغا تەگدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قىزنىڭ يىگىتكە ئىچى ئاغرىپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— ئاغرىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

يىگىت ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. قىزنىڭ مۇشتى قىلچە قىنىپ كەتمەستىن دەل جايىغا تەگكەنىدى. «ھەقىقەتەن قاتتىق تەگدى!» دەپ غۇدۇڭشىدى ياك، ئۇ قىزغا ئىختىيارسىز ھالدا ماختاش ۋە قايىللىق نەزىرى بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ قەلبىدە غەلىتە بىر ھېسسىيات پەيدا بولدى، بۇ ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل قىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

قان توختىغاندىن كېيىن، يىگىت بۇنداق ئەدەپنى يېيىشنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن ۋە ئۇنىڭ قاتتىق مۇشتۇمىنى يېيىشتىن قورقۇپ، قىزغا ئايلىنىپ كېلىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ قېتىم قىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى. گۇگۇم چۈشكەندە ئۇلار خۇددى ئاشىق ـ مەشۇقلار باراقسان دەرەخلەر ئاستىدا سەيلە قىلىۋاتقاندەك مېڭىشتى.

— ياك، مېنى نېمانچە كۆزگە ئىلمايدىغانسەن، بۇ قىلىقىڭ تازىمۇ قاملاشمىغان ئىشقۇ؟ — دېدى روسسى.

ياك ئۇنىڭ گېپىنى ئىنكار قىلدى. نەدىكىنى، ئۇ روسسىنى كۆزگە ئىلمايدۇ ئەمەس، بەلكى ياخشى كۆرەتتى، خالاس.

— ئەمىسە مەن بىلەن تويى قىلىشنى خالامسەن؟ — سورىدى قىز. يىگىت ئىككىلىنىپ، ئۇنىڭغا يان تەرەپتىن سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. قىزنىڭ خىيالچان كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلگەنىدى. يۇمىلاق يۈزى ئالمىدەك قىزىل ئىدى. كۆكسى رەختتە تىكىلگەن كالتە كۆڭلەكنىڭ ئىچىدىن قوش ئالمىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى، قىلىن لەۋلىرى بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. ئوچۇق تۇرغان بوينىدا ئۈنچىدەك تەر تامچىلىرى تۇراتتى. يىگىت بۇ ھالنى كۆرۈپ، نەپسى تاقىلداپ، ھېسسىياتىنى باسالماي قالدى ـ دە، ئاغزىنى قىزنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ پەس ئاۋازدا:

— ماقۇل، سېنى ئەمرىمگە ئېلىشنى خالايمەن، — دېدى.

قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بوينىنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيدى. بۇ سۆيۈشۈش ئۇزاق داۋاملاشتى، ئىككىسى نەپەس ئالالماي قېلىشتى.

شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ھېكايىسى باشلاندى. ئىككىيلەن

خىلۋەت، تىنچ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ئۇچرىشىپ، كۆڭۈل ئېچىشىپ يۈردى، ئاي ئولتۇرغان چاغلاردا ئوت - چۆپ دۆۋىسىنىڭ كەينىدە ئۇچرىشاتتى، تاماق ۋاقتىدا تاماق ئۈستىلىنىڭ ئاستىدىن بىر - بىرىنى تېپىشىپ، ناھال قاقشان بەتىنكىلىرى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ پۇتلىرىدا نۇرغۇن ئىزلارنى قالدۇراتتى.

كېيىن ياك ئۇنىڭدىن ئاستا - ئاستا زېرىككەندەك، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى سۆزلەشمەيدىغاندەك ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. ئاخىر روسسى يەتكۈچە غەم - تەشۋىش ئىچىدە ئازابلاندى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. دەسلەپ ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى، ئاندىن غەزەپلىنىشكە باشلىدى، يەنە كېلىپ غەزەپ - نەپرىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى، چۈنكى ياك ھەمىشە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئۇستىلىق بىلەن قاچۇرۇپ يۈرگەچكە، ئۇنى زادى تاپالمىدى.

كېيىن بىر كېچىسى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ھەممە كىشى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، روسسى قىسقا يوپكىسىنى كىيىپ، يالاڭ ئاياغ پېتى ئۆيدىن ئوغرىلىقچە چىقتى ۋە ھويلىدىن ئۆتۈپ، ئاتخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ياك بىرنەچچە ئاتقا قۇرۇق ئوت - چۆپ سېلىپ بېرىدىغان ياغاچ ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ روسسىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىپ يالغاندىن خورەك تارتىشقا باشلىدى. لېكىن، روسسى يامىشىپ چىقىپ، بىر ياندا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، توختىماستىن ئۇنى تۈرتۈپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— سەن نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سورىدى ياك.

روسسىنىڭ غەزەپتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى، ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ:

— مېنى نىكاھىڭغا ئال، سەن مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلغان، — دېدى.

— ھەي! — دېدى ياك كۈلۈپ، — ئارىلىشىپ يۈرگەن قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئالسا، بۇ قانداق بولغىنى!

روسسى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى - دە، ئۇنىڭ گېلىنى كاپلا قىلىپ سىقىپ، ئۇنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭ گېلىنى سىقىپ تۇرۇپ، ئاغزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىن ئەكەلدى - دە:

— قورسىقىم يوغىناپ كەتتى، ئاڭلىدىڭمۇ؟ قورسىقىم يوغىناپ كەتتى، — دەپ ۋارقىرىدى.

ياك نەپەس ئالالماي قالدى. ئىككىسى بۇ جىمجىت كېچىدە تىركىشىپ تۇرۇپ قالدى. پەقەت بىر ئاتنىڭ ئوت - چۆپ جازىسىدىكى قۇرۇق ئوت - چۆپنى تارتىپ چىقىرىپ ئاستا چايناپ يەۋاتقان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

ياك روسسىنىڭ قالتىس كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— بولىدۇ، ئەمىسە، بۇنداق بولغاندىكىن، مەن سېنى نىكاھىمغا ئالاي، — دېدى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

بىراق، قىز ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئەمدى ئىشەنمىدى.

— ھازىرلا، — دېدى روسسى، — ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا چىركاۋغا بېرىپ، توي قىلىدىغانلىقىمىزنى جاكارلايمىز.

— ماقۇل، — دېدى ياك.

— خۇدانىڭ نامىدا قەسەم قىل.

ياك بىرپەس ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاخىر بىر قارارغا كەلدى:

— مەن خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلاي.

روسسى شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ گېلىدىن قولىنى بوشاتتى - دە، ھېچنېمە دېمەيلا كېتىپ قالدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭغا ياك بىلەن سۆزلىشىش پۇرسىتى بولمىدى. ئات ئېغىلىنىڭ ئىشىكى ھەر كۈنى كېچىسى قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى، روسسى ئىشنىڭ ئۆلگىيىپ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قېلىشىدىن قورقۇپ،

داۋراڭ سىلىنىشقا پېتىنالمىدى.

كۆتۈلمىگەندە، بىر كۈنى ئەتىگىنى روسسى تاماق يېگىلى كەلگەن كىشىنىڭ يېڭى بالا ئېمىچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

ــــ ياڭ كەتتىمۇ؟ ــــ دەپ سورىدى.

ــــ كەتتى، ــــ دېدى ئۇ، ــــ مەن ئۇنىڭ ئورنىغا كەلدىم.

بۇنى ئاڭلاپ، روسسىنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى، ئىشچىلار ئىشقا كەتكەندىن كېيىن، ئوغرىلىقچە ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ياتىقىغا كىردى، باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يۈزىنى ياستۇقنىڭ تېگىگە تىقىۋېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

شۇ كۈنى ئۇ پۈتۈن بىر كۈن بىرەر خەۋەر ئاڭلاش ئۈچۈن، خېلى ئورۇنۇپ باقتى، يەنە گۇمان قوزغاپ قويۇشتىنمۇ ساقلاندى. بىراق، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى توغرىسىدىكى خىياللار چىرمىۋالدى. ئۇ سۈرۈشتە قىلغان ئادەملەر ئۇنىڭ ئۇستىدىن ئوغرىلىقچە كۈلۈشۈۋاتقاندەك سەزدى، ئىشقىلىپ، ئۇ ھېچ نەرسىنى ئۇقالمىدى، پەقەت ياكنىڭ بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنىلا بىلدى.

2

شۇنىڭ بىلەن روسسى ئازابلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى، ماشىنىدەك توختىماي ئىشلەيتتى، بىراق ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى زادى ئويلىمايتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا «كىشىلەر ئاڭلاپ قالسا چاتاق چىقىدۇ» دېگەن خىياللا ھۆكۈم سۈرەتتى. بۇ خىيال دائىم ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، زادى قۇتۇلالمىدى، قىسقىسى، ئۇ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقانىدى. كىشىنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان ئىشلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇ ئېنىق ھېس قىلدى. ئۇمۇ بۇنىڭدىن قانداق ئامال بىلەن ساقلىنىشنى ئويلىمىدى.

روسسى ھەر كۈنى باشقىلارغا قارىغاندا، ئورنىدىن بالدۇر تۇرۇپ، چېچىنى تارىغاندا ئىشلىتىدىغان سۇنۇق ئەينەكنى ئېلىپ، بەللىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرەتتى ۋە ئىنتايىن جىددىيلەشكەن ھالدا ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى كىشىلەرنىڭ كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى بىلىشنى ئويلايتتى.

كۈندۈزلىرى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئىشنى تاشلاپ قويۇپ، يوغىناپ كېتىۋاتقان قورسىقىنىڭ كۆڭلىكىدىن تومپىيىپ چىققان - چىقمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرەتتى.

بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئېغىز ئېچىپ گەپمۇ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، باشقىلار بىرەر ئىشنى سورىسىمۇ چۈشەنمەيتتى، ھەمىشە تەمتىرەپ، ئالاقزەدە بولۇپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ھاڭۋېقىپلا تۇرۇپ قالاتتى، قوللىرى تىترەيتتى. غوجايىن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا:

ــــ ھەي بىچارە قىز، سەن مۇشۇ كۈنلەردە نېمىشقا بۇنداق دۆت بولۇپ قالدىڭ؟ ــــ دېدى.

چېركاۋغا ئىبادەت قىلغىلى بارغاندىمۇ، ئۇ تۆۋرۈكنىڭ كەينىگە ئۆزىنى يوشۇرۇپ، توۋا قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى، بولۇپمۇ مۇشۇ چىركاۋنىڭ پوپىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى كۆرەلەيدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىدارغا ئىگە دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قېلىشتىن بەكمۇ قورقاتتى.

روسسى تاماق ئۇستىلىدە ــــ ھەمراھلىرىنىڭ ئارىسىدا ئالاقزەدە بولۇپ، خاتىرجەم ئولتۇرالمايتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىشىنى پادىچى بالا سېزىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ بالا ئاق - قارىنى بىلىپ قالغان، ھېيلىگەر بالا بولۇپ، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەيتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە پوچتىكەش كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت بەردى. ئۇنىڭغا زادى خەت كەلمەيتتى، شۇڭا ئىنتايىن بىئارام بولۇپ، ئولتۇرالماي قالدى. ياكنىڭ خېتىمىدۇ؟ ئەپسۇسكى، ئۇ خەت تونۇمايتتى، ئىجىر - مىجىر يېزىلغان خەتكە قارىغىنىچە ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى، ئاخىر

هېچقانداق ئادەمگە ئۆزىنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالماي، خەتنى يەنە يانچۇقىغا سېلىۋالدى؛ ئۇ ئىشلەۋاتقان چاغدىمۇ ئارىلاپ خەتنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قۇر ئارىلىقلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىنى كۆرۈپ، ئۇزاققىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالاتتى. خەتنىڭ ئاخىرىدا ئىمزا بار ئىدى، ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى غۇۋا تەسەۋۋۇر قىلىپ توساتتىن چۈشەنگەندەك ھەم جىددىيلىشەتتى، ھەم دەككە ـ دۈككە بولاتتى، قىسقىسى، ئۇ ساراڭ بولايلا دەپ قالدى. ئاخىر باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىمىنى تاپتى، مۇئەللىم ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، خەتنى ئوقۇپ بەردى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

*قەدىرلىك قىزىم: بۇ خەتنى باشقا ئىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت كېسىلىمنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ساڭا ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈنلا يازدىم. ئەگەر ئىمكانىيىتىڭ بولسا، يېنىمغا بىر كېلىپ كەتسەڭ، سېنىڭ قەدىرلىك ئاناڭ.*

روسسى خەتنى ئاڭلاپ بولۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي كېتىپ قالدى. بىراق، ئەتراپتا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ، يول بويىغا ئۆزىنى تاشلىدى، ھالسىزلىنىپ، ئۇ يەردە قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئولتۇردى.

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئائىلىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى مەيدان غوجايىنىغا ئېيتتى. غوجايىن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قايتىشىغا ۋە خالىغانچە تۇرۇپ كېلىشىگە قوشۇلدى، ئۇ قايتىپ كەلگۈچە، ئۇنىڭ ئورنىدا بىر ئايالنى ۋاقىتلىق ياللاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئانىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر بولغاچقا، روسسى كەلگەن كۈنىلا ئانىسى ۋاپات بولدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، روسسى يەڭگىدى، يەتتە ئايلىق بولغان بىر ئوغۇل بوۋاق تۇغۇلدى، بوۋاق شۇنچىلىك ئورۇقكى، ئۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى، قىسقۇچپاقىدەك ئورۇق ۋە ۋىجىك قوللىرى ئازاب بىلەن تارتىشاتتى. لېكىن، بالا ئەي بولدى.

روسسى ئۆزىنىڭ توي قىلغانلىقىنى، لېكىن بالىنى ئېلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قوشنىسىغا بېقىپ تۇرۇشنى ھاۋالە قىلدى. قوشنىسى بالىنى ياخشى بېقىشقا ماقۇل بولدى.

روسسى دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتىپ كەلدى.

بىراق، ئۇنىڭ ئۇزاق ۋاقىت غەشلىكتە ئۆتكەن يۈرىكىدە بىر نۇر ئۇچقۇنى پەيدا بولغاندەك، بىر غايىۋانە مۇھەببەت بىخلاندى، بىراق ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ ئاجىز جانغا بولغان مۇھەببىتى بىر تۈرلۈك يېڭى ئازابقا، ئۇنى دائىم قىينايدىغان ئازابقا ئايلاندى. ئۇنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىغىنى بىر خىل كۈچلۈك ئىنتىزارلىق ئىدى. ئۇنىڭ بالىسىنى باغرىغا باسقۇسى ۋە سۆيگۈسى، بەدىنى ئارقىلىق ئۇنىڭ كىچىككىنە تېنىنى ئىللىتقۇسى كېلەتتى. ئۇ كۈنبويى بالىسىنى ئويلايتتى. كەچ كىرگەندە ئىشتىن چۈشۈپلا ئۇنىڭ روھى يىراققا ئۇچۇپ كەتكەن ئادەمدەك، ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئوتنىڭ يالقۇنىغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە سۆز ـ چۆچەك قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، ئۇنىڭ چوقۇم سۆيگۈنى بار دەيتتى ھەمدە ئۇنىڭدىن «ئۇ يىگىت كېلىشكەنمۇ؟ ئېگىزمۇ ـ پاكارمۇ؟ ئائىلىسى بايمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن قاچان توي قىلغان؟ بالىنى قاچان تۇغدۇڭ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى سورايتتى. ئۇ بۇ سوئاللاردىن خۇددى بەدىنىگە يىڭنە سانجىلغاندەك، چىدىيالماي قالاتتى ـ دە، قېچىپ چىقىپ، خالىي جاينى تېپىپ، ئۆزى يالغۇز ئازابلىنىپ يىغلايتتى.

ئۇ بۇ ئازابلىق سىقىلىشلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە ئىشلەشكە باشلىدى؛ بالىسىنى زادى ئۇنتۇمايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلاجىنىڭ بارىچە كۆپرەك پۇل يىغىشنى ئويلايتتى. ئۇ جان تىكىپ ئىشلەپ، غوجايىنىنى ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى كۆپەيتىپ بېرىشكە مەجبۇرلىماقچى بولدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپتىكى ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا ئۆز قولىغا ئېلىپ، بىر ئايال مالايىنى ئىشتىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ھەممە يەردە ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش قىلدى، مەيلى بولكا، ئۇن، ياغ، شام بولسۇن ياكى باشقىلار كەڭ قوللۇق بىلەن توخۇلارغا بېرىدىغان دان بولسۇن ۋە ياكى ئىسراپچىلىقتىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان يەم ـ خەشەكلەر بولسۇن، ناھايىتى ئىنچىكە ھېسابلاپ ئىشلىتەتتى. غوجايىنىنىڭ پۇلىنى ئىشلەتكەندە، گويا ئۆزىنىڭ پۇلىنى ئىشلەتكەندەك خەسىسلىك قىلاتتى. ئۇ باھا تالىشىشقا ماھىر بولغاچقا، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى قىممەترەك ساتالايتتى. شۇڭا، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى سېتىش ـ سېتىۋېلىش، ياللانما ئىشچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، يېمەكلىكلەرنى ھېسابلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ھۆددىگە ئالغانىدى، ئۇزاققا قالماي، روسسى بۇ يەردە كەم بولسا بولمايدىغان ئادەمگە ئايلاندى... ئاخىر دېھقانچىلىق گۈللەپ روناق تاپتى؛ نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كىشىلەرمۇ «ۋاللان ئۇستامنىڭ ئايال مالىيى» ھەققىدە پاراڭ قىلىشىدىغان بولدى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غوجايىنىمۇ ھەممە يەردە: «بىز چوكاننى ھەقىقەتەن مىڭ سەر ئالتۇنغىمۇ سېتىۋالماق تەس» دەپ سۆزلەپ يۈردى.

بىراق، ۋاقىت ئېقىن سۇدەك ئۆتتۈۋەردى، ئۇنىڭ ئىش ھەققىدە زادى ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق جان تىكىپ ئىشلىگەنلىكى پەقەت سەممىي مالايىنىڭ چىن قەلبىدىن كۈچ چىقارغانلىقى دەپ قارالدى. ئۇنىڭ بىر ئاز رايى قايتقاندەك بولدى؛ ھەر ئايدا غوجايىنىغا ئەللىك ئېكۇدىن يۈز ئېكۇغىچە پۇل يىغىپ بەردى، ئۇنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى بولسا، ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس، ئىلگىرىكىدەكلا ئىككى يۈز قىرىق فرانك بولۇپ كەلدى.

روسسى ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۈچ قېتىم غوجايىنىنى ئىزدەپ بارغان بولسىمۇ، يەنىلا باشقا ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشتى، ھەمىشە پۇل ھەققىدە ئېغىز ئاچقاندا، خۇددى ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك خىجىل بولاتتى. بىر كۈنى ئۇ غوجايىنىنىڭ ئاشخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلەشكۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. مەيدان غوجايىنى ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، قوللىرىنى ئۈستەلگە قويدى. بىر قولىغا پىچاقنى، يەنە بىر قولىغا بولكىنى ئالغان ھالدا ئايال مالايغا قارىدى، روسسى ئۇنىڭ قارىشىدىن ئەيمىنىپ، ئۆزىنىڭ ئانچە مىجەزى يوقلۇقىنى، بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سوراپ ئۆيىگە بېرىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

غوجايىن ئۇنىڭ تەلىپىگە شۇ ئان قوشۇلدى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

ــــ سەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەنمۇ سەن بىلەن سۆزلىشىمەن، ــــ دېدى.

3

روسسىنىڭ بالىسى سەككىز ئايلىق بولغاندا، زادى تونۇغۇسىز بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزى قىپقىزىل، بەدىنى توپتەك سېمىز ئىدى، ئۇ دىقماق بارماقلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، ئاستا مىدىرلىتاتتى، بىر قاراپلا ئۇنىڭ ناھايىتى راھەتلىنىپ ياتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. روسسى ئېتىلىپ باردى ـ دە، خۇددى ياۋايى ھايۋان نەرسە يېگەندەك، ئۇنى شۇنچىلىك قاتتىق سۆيۈپ كەتتىكى، بالا قورققىنىدىن چىرقىراپ يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭغا قاراپ روسسىمۇ يىغلىۋەتتى. چۈنكى، بالىسى ئۇنى تونۇمىغانىدى، ئۇ مومىسىنى كۆرۈپ دەرھال قولىنى ئۇزارتتى، بىراق ئەتىسى روسسىنى تونۇغاندەك قىلدى، ئۇنى كۆرسە كۈلىدىغان بولدى؛ روسسى بالىسىنى قۇچاقلاپ ئېتىز ـ داللارغا باردى، ئېگىز كۆتۈرگىنىچە يۈگۈرۈپ ھارمىدى، ئاخىر بىر دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆڭلى چەكسىز شادلىق ئىچىدە يايراپ كەتتى، بالىسى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇـ

نىڭغا ئۆزىنىڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى، ئەمگەكىنى، ئىچ پۇشۇقلىرىنى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى سۆزلەپ كەتتى... ئۇ بالىسىنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ يۇدى، كىيىملىرىنى كىيگۈزدى. بۇنىڭدىن چەكسىز ھۇزۇرلاندى، ھەتتا بالىسىنىڭ سۈيدۈك لاتىسىنى يۇيۇپ تازىلىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بالىسىدىن مۇشۇنداق خەۋەر ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئانىلىق مېھرىنى تولۇق يەتكۈزگەندەك، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلدى. بالىسىنى كۆتۈرگەندە ئۇنىڭ ئۆز بالىسى ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلىنەتتى، ئۇ قۇچىقىدىكى بالىنى پەپىلىگەچ پەس ئاۋازدا: «بۇ مېنىڭ قوزام، بۇ مېنىڭ قوزام» دەپ تەكرارلىدى.

روسسى يول بويى ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتىپ كەلدى، كېلىشى بىلەنلا غوجايىن ئۇنى ئۆيىدە تۇرۇپ چاقىردى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ غوجايىنىنى كۆرۈشى بىلەنلا، نېمىشقىدۇر ھەيران قالدى ۋە جىددىيلىشىپ كەتتى.

— مەيەردە ئولتۇرغىن، — دېدى غوجايىن.

روسسى ئولتۇردى، ئىككىلىسى يانمۇيان ئولتۇرۇشتى، ھەر ئىككىسى خىجالەتچىلىك ئىچىدە قورۇنۇپ، بىئارام بولۇپ، قوللىرىنى نەگە قويۇشنى ئۇقماي، خۇددى يىرىدىن كەلگەن ئادەملەر يۈز كۆرۈشكەندەك تارتىنىپ ئولتۇردى.

مەيدان غوجايىنى قىرىق بەش ياشلاردىكى سېمىز ئادەم ئىدى. ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇ مىجەزى خۇشخۇي، قەيسەر ئادەم ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ناھايىتى قورۇنۇپ ئولتۇراتتى، ئاخىر ئېغىز ئاچماقچى بولدى، لېكىن دۇدۇقلاپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، كۆزلىرىنى يىراق داللارغا تىكتى.

— روسسى، — دېدى ئۇ، — سەن ئائىلە توغرۇلۇق ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟

روسسىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتتى، مەيدان غوجايىنى ئۇنىڭ ئېغىز ئاچمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سەممىمي قىز، قائىدە ـ يوسۇنلۇق ھەم ئىشچان، ھەم تېجەشلىك، سېنى خوتۇنلۇققا ئالغان ئادەم بېيىپ كېتىدۇ جۇمۇ، — دېدى.

روسسىنىڭ چىرايى تاتىرىپ مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ، پىكىرلىرى چېچىلىپ كەتتى، ھەتتا قارشى تەرەپنىڭ مەقسىتىنى بىلگۈسىمۇ كەلمىدى. مەيدان غوجايىنى سەل توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىلىشىڭ كېرەككى، بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئايال غوجايىن بولمىسا بولمايدۇ. ھېچ بولمىغاندا، ساڭا ئوخشاش ئايال خىزمەتكار بولسىمۇ بولاتتى.

ئۇ يەنە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي توختاپ قالدى؛ روسسى خۇددى قاتىلغا دۇچ كەلگەندەك، قورققىنىدىن چىرايىدا قان قالمىدى، ئۇ قارشى تەرەپنىڭ كىچىككىنە ھەرىكىتىنى كۆرسىلا قېچىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئولتۇراتتى.

بەش مىنۇت ئۆتتى، غوجايىن يەنە سورىدى:

— قانداق؟ بولامدۇ؟

— نېمە؟ غوجايىن؟ — دەپ سورىدى روسسى گومۇش بولۇپ قالغاندەك.

— ئەلۋەتتە، ماڭا ياتلىق بولسەن! — دېدى غوجايىن توساتتىن.

روسسى ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى ۋە دەرھال ماغدۇرسىز ھالدا ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ چوڭ بالا ـ قازاغا دۇچ كەلگەندەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. مەيدان غوجايىنى ئاخىر تاقەت قىلالماي:

— ھەي، تېززەك بىرنەرسە دېگىن، سەن زادى قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

روسسى ئالاقزەدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى، ئاندىن كۆزلىرىگە بىراقلا ياش ئېلىپ، گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئاران تەسلىكتە:

— بۇنداق قىلالمايمەن، بۇنداق قىلالماي-

مەن، ــــ دېدى.

ــــ نېمىشقا؟ ــــ دەپ سورىدى غوجايىن، ــــ بولدى، ساراڭلىق قىلما، ئەتىگىچە ئويلىنىپ كۆرگىن.

غوجايىن دەرھال چىقىپ كەتتى، بۇ ئەڭ قىيىن بىر قەدەمنى بېسىپ، ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولدى، مالاي قىزنىڭ ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ئىشەندى. بۇ نىكاھ ئىشى قىز ئۇچۇن كۈتمىگەن جايدىن چىققانىدى، لېكىن غوجايىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر ياخشى سودا ئىدى ...

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئورۇن پەرقىدىن غەم يېيىش ھاجەتسىز ئىدى. چۈنكى، يېزىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى باراۋەر ئىدى، مەيدان غوجايىنىمۇ ياللانما ئىشچىلارغا ئوخشاش ئەمگەك قىلاتتى، ياللانما ئىشچىلار قاچانلا بولسۇن، غوجايىنغا ئايلىنالايتتى؛ ئوخشاشلا ئايال مالايلارمۇ خالىغان چاغدا ئايال غوجايىن بولالايتتى. بۇلار ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قىلچە ئۆزگەرتەلمەيتتى.

روسسى تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇممىدى. ئۇ تولا يىغلاپ سەزگۈ ئەزالىرى كاردىن چىققاندەك، ئوي ـ پىكىرلىرى چېچىلىپ، ئېسىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولدى.

ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كەلدى، قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئوي ـ پىكىرلىرى يەنە يىغىلدى، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى ئويلاپ، بىردىنلا تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

ئۇ بارغانسېرى ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى، كىچىك بىنا تىمتاس ئىدى، ئاشخانىدىكى سائەت ھەر قېتىم ئاستا جاڭ ئۇرغاندا، قورققىنىدىن تەرلەپ كېتەتتى. ئۇ بېشى قېيىپ گاڭگىراپ قالدى، قورقۇنچلۇق چۈشلەر ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى...

بىر مۇشۇكياپىلاقنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، روسسى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، يۈزىنى سىلىدى، ئاندىن چاچلىرىنى قاماللىدى، يەنە ساراڭلاردەك پۈتۈن بەدىنىنى سىلاپ چىقتى؛ ئاندىن ئايدىڭ سەيلىسى قىلماقچى بولغاندەك بىنادىن چۈشتى. ھويلىغا چىققاندا، ئارام ئېلىۋاتقان ياللانما ئىشچىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆملەپ ماڭدى، چۈنكى پېتىش ئالدىدىكى ئاي يەنىلا ئېتىز ـ داللارنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ لاپاسنىڭ ئىشىكىنى ئاچماي، ئېرىقنى بويلاپ ئۆملەپ ماڭدى، دالىغا چىققاندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ يەردىن تېزلا يىراقلىدى. ئۇ يول بويى ئالدىغا قاراپ سوكۇلداپ يۈگۈردى، پات ـ پات بىرنەرسىنى تۇيۇپ قالغاندەك چىرقىراپ كېتەتتى. چوڭ بىر سايە ئۇنىڭ ئالدىدا تەڭ يۈگۈرەيتتى؛ بەزىدە بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىدا ئايلىناتتى. دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرىدىكى ئىتلار روسسىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇپ قېلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قاۋاشقا باشلىدى، بىر ئىت ئېرىقتىن ئاتلاپ چىقىپ، ئۇنى قوغلىدى. روسسى تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىتقا قاراپ بىر چىرقىرىۋىدى، قورققان ئىت قاۋاشقىنىمۇ پېتىنالماي، قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە يولىغا راۋان بولدى.

بىر توپ ياۋا بۆجەنلەر ئېتىزلىقتا يۈگۈرۈشۈپ ئويناپ يۈرەتتى، بۇ قورقۇنچلۇق ھايۋانلار بۇ سەۋدايى ئايالنى كۆرۈشى بىلەنلا تەرەپ ـ تەرەپكە پېتىراپ قېچىپ كېتىشتى، بۆجەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئۇۋۇسىغا كىرىپ يوشۇرۇندى. ئانا توشقان ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ تىك تۇرغان ئۇزۇن قۇلاقلىرى ئاي نۇرىدا پارقىراپ كەتتى. تۈپتۈز داللارغا نۇر چېچىپ تۇرغان تولۇن ئاي ئاسماننىڭ بىر چېتىگە ئېسىپ قويۇلغان غايەت زور پىلنۇسقا ئوخشايتتى.

يۇلتۇزلار ئاسماننىڭ قەرىدە سۇس جىمىرلايتتى، قەيەردىدۇر بىرنەچچە قۇشقاچ چۇرۇقلاپ كەتتى، ئاستا ـ ئاستا تاڭ سۇزۇلۇشكە باشلىدى. قىز تولا يۈگۈرۈپ، ماداردىن كەتكەچكە، ھاسىراپ قالدى. يېڭى قۇياش قىپقىزىل شەپەقنى يېرىپ كۆتۈرۈلـ

گەن چاغدىلا، ئۇ قەدىمىنى توختاتتى.

ئۇنىڭ پۇتلىرى ئىششىپ، ماڭالماي قالدى. نېرىراقتا بىر كىچىك كۆل كۆرۈندى، تاڭ شەپىقىدە قىپقىزىل كۆرۈنەتتى. ئۇ قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، ئاقسىغىنىچە ئاستا قەدەم تاشلاپ، كۆلچەكنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، پۇتىنى سۇغا چىلىماقچى بولدى. روسسى ئوت ـ چۆپ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قوپال بەتىنكىسىنى، ئاندىن پايپىقىنى سالدى. كۆكىرىپ كەتكەن پۇتلىرىنى كۆپۈك ئۆرلەپ تۇرغان تىنىق سۇغا چىلىدى. كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان بىر تاتلىق سېزىم ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا ۋۇجۇدىغا تاراپ، ئۇنى سەگەكلەشتۈردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇ چوڭقۇر كۆلچەككە تىكىلدى، تۇيۇقسىز كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، قەلبىدە بىر كۈچلۈك ئارزۇ پەيدا بولدى، مۇشۇ كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپ ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولدى... شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئالدىغا ئىككى قەدەم ئالدى، سۇ ئۇنىڭ يوتىسىغىچە چىقتى، ئۇ بارغانسېرى چۆكمەكتە ئىدى. تۇيۇقسىز ئوشۇقلىرى قاتتىق ئاغرىغاندەك بولدى ـ دە، كەينىگە ئىختىيارسىز بىرقەدەم داجىدى ۋە ئېچىنىشلىق چىرقىراپ تاشلىدى، ئەسلىدە ئۇنىڭ تىزىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە قاپقارا زۇلۇك يېپىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ قېنىنى شوراۋاتاتتى. روسسى ئۇنىڭغا تېگىشتىن قورقۇپ، قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، بۇ ئېچىنىشلىق ئاۋاز يىراقتا ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىر دېھقاننىڭ دىققىتىنى تارتتى. دېھقان ئۇنىڭ پۇتلىرىدىكى زۇلۇكنى بىردىن ـ بىردىن تېرىپ ئېلىۋەتتى ـ دە، جاراھەتلىرىنى ئوت ـ چۆپ بىلەن تېڭىپ قويدى، ئاندىن ئۇنى ھارۋىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، دېھقانچىلىق مەيدانىغا يەتكۈزۈپ قويدى.

روسسى يېرىم ئاي ئاغرىپ يېتىپ قالدى. كارىۋاتتىن چۈشكۈدەك بولغان كۈنى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇراتتى، مەيدان غوجايىنى تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— قانداق؟ ئۆتكەندە دېگەن ئىشقا قوشۇلدۇڭ، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى مەيدان غوجايىنى.

روسسى دەرھال جاۋاب بەرمىدى، لېكىن غوجايىن ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، روسسى ناھايىتى تەسلىكتە:

— بولمايدۇ، غوجايىن، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى.

غوجايىننىڭ غۇزۇزىدە ئاچچىقى كەلدى:

— ئۇنداق قىلالمامسەن، قىزچاق، ئۇنداق قىلالمامسەن؟ نېمە ئۈچۈن؟

روسسى يەنە يىغلىۋەتتى.

— ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ.

مەيدان غوجايىنى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— قارىغاندا، لايىقىڭ بار ئىكەن ـ دە؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

روسسى نومۇستىن تىترەپ كەتتى.

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ.

غوجايىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، ئاچچىقىدىن تىلى گەپكەل كەلمەي كەتتى.

— ھىم، ئەمدى ئىقرار قىلدىڭ، پاسكىنا! — دېدى غوجايىن، — ئۇ ئەبلەخ قانداق نەرسە؟ — تىلەمچىمۇ، يالاڭتۆشمۇيا؟ ياكى سەرگەردانمۇ؟ دېگىنە! ئۇ زادى قانداق نەرسە؟ ھىم! مەن قوشۇلمايمەن... سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن دەي، ئۇ روۋان بودۇغۇ؟ — دېدى.

— ياق، ياق! ئۇ ئەمەس! — دېدى روسسى ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— ئەمىسە پىئېر ماردانمۇ؟

— ئۇمۇ ئەمەس، غوجايىن.

غەزىپىنى باسالماي قالغان غوجايىن شۇ يەردىكى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى ساناپ چىقتى. روسسى روھى چۈشكۈن ھالدا توختىماستىن يىپ-

كىسىنىڭ پېشى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ ھەممىنى ئىنكار قىلدى.

— ھە! توغرا، ئۆتكەن يىلىدىكى ھېلىقى مەددكار ياك، — دەپ تۇيۇقسىز ۋارقىرىدى غوجايىن، — خەقلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە، ئۇ دائىم سەن بىلەن پاراڭلىشىپ يۈرەتتى، سىلەر توي قىلىشقا پۈتۈشكەن، شۇنداقمۇ؟

روسسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، يۈزلىرى شەلپەردەك قىزاردى، مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەن تاش تامچىلىرى قىزىق تۆمۈر ئۈستىگە چۈشكەن سۇ تامچىسىدەك بىردەمدىلا قۇرۇپ كەتتى.

— ياق، ئۇ ئەمەس، ئۇ ئەمەس! — دەپ ۋارقىرىدى روسسى.

— بۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟ — دېدى ھېيلىگەر غوجايىن. روشەنكى، ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئازراق بولسىمۇ، سېزىپ بولغانىدى.

— سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەي ... سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەي ... — دېدى روسسى ئالدىراپ.

ئۇ قانداق قەسەم بېرىش ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى، يەنە مۇقەددەس نەرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— بىراق، ئۇ سەن بىلەن دائىم خىلۋەت بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغا كىرىپ كېتەتتى. تاماق ۋاقتىدا ئۇنىڭ كۆزلىرى ساڭا يەۋېتىدىغاندەك تىكىلەتتى، — دېدى غوجايىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — دېگىنە، سەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولغانمۇ - ھە؟

ئەمدى روسسى غوجايىنىنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— ياق، ھەرگىز ماقۇل بولمىغان، ھەرگىز ماقۇل بولمىغان، — دېدى روسسى، — مەن پەرۋەردىگار ئالدىدا سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەي، ئۇ ماڭا تەلەپ قويغانىدى، مەن رەت قىلغان.

روسسىنىڭ مۇشۇنداق سەممىيلىكىنى كۆرۈپ، غوجايىن ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك:

— بۇ زادى قانداق ئىش، — دېدى خىرقىراپ، — بىرەر بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بولساڭ، خەقلەر بىلگەن بولاتتى. ئەگەر ھېچقانداق سەۋەب بولمىسا، بىر مالاي قىز ئۆز غوجايىنىنى رەت قىلمىغان بولاتتى، بۇ يەردە قانداقتۇر بىر ئويۇن بار.

روسسى ئەمدى ئۈندىمەي جىم تۇردى، ھودۇققىنىدىن نەپەس ئالالماي قالدى.

— سەن تەلپىمگە زادى قوشۇلمامسەن؟ — دەپ سورىدى غوجايىن يەنە.

— ئۇنداق قىلالمايمەن، غوجايىن، — دېدى روسسى ھەسرەت بىلەن. غوجايىن بۇرۇلغىنىچە چىقىپ كەتتى.

روسسى بۇ ئىشنى مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى دەپ ئويلاپ، بۇ كۈننى خېلى خاتىرجەم ئۆتكۈزدى. بىراق، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا نېمىشقىدۇر ئىنتايىن ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ كەتتى، شۇڭا كارىۋاتقا بالدۇرلا چىقىپ، بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى.

يېرىم كېچە، ئىككى قول ئۇنىڭ ئورۇن - كۆرپىسىنى تىمىسقىلىدى، روسسى دىرىگگىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. يېنىدا غوجايىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قورقما، روسسى، بۇ مەن، سەن بىلەن سۆزلەشكىلى كىردىم، — دېدى غوجايىن.

روسسى باشتا ھەيران قالدى، كېيىن ئۇنىڭ يوتقانىنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەقسىتىنى چۈشەندى - دە، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ئۇ تېخىچە ئۇيقۇلۇق ھالەتتە كارىۋىتىدا يالىڭاچ ياتاتتى. ئۇنىڭغا ئېرىشمەكچى بولغان ئادەم يېنىدا تۇراتتى. روسسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەنھا ۋە تايانچىسىز ئىدى. بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى زادى خالىمايتتى. ئۇ ناز قىلىپ يېقىملىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلىشنى، ئاق كۆڭۈل كىشىلەردەك كۈچلۈك ئىقتىدار بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشنى بىلمەيتتى. ئۇ يۈزىنى ھېلى تام تەرەپكە، ھېلى ئۆي تەرەپكە قارىتىۋېلىپ

ئۆزىنى سۆيمەكچى ۋە قوچاقلىماقچى بولغان غوجايىنىدىن ھە دەپ لەۋلىرىنى قاچۇراتتى، قارشىلىق كۆرسىتىۋېرىپ ئاخىر ھېرىپ كەتتى ـ دە، يوتقاننىڭ ئىچىدە يالىڭاچ پېتى تۈگۈلۈپ ئەمدى قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامالسىز قالدى، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشتىن توختىدى...

غوجايىن تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى، ئەتىسى كەچتە يەنە كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىش ھەر كۈنى داۋام قىلدى، ئۇلار بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە مەيدان غوجايىنى ئۇنىڭغا:

— مەن چېركاۋغا بېرىپ ئىككىمىزنىڭ توي قىلىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قويدۇم، كېيىنكى ئايدا ئىككىمىز بۇ خۇشاللىق ئىشنى ئۆتكۈزىمىز، — دېدى.

روسسى جاۋاب بەرمىدى، ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇ قارشى تۇرمىدى. ئۇ يەنە نېمىمۇ قىلالىسۇن؟

•

4

روسسى غوجايىنىغا ياتلىق بولۇپ، ئۆزىنى تەڭسىز ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ چىقالمايدىغاندەك، تۇرلۇك ـ تۇمەن ئازاب ـ ئوقۇبەت، بالا ـ قازالار غايەت زور تاشقا ئوخشاش ئۇنىڭ بېشىدا ساڭگىلاپ، ھېلى غۇلاپ چۈشۈپ ئۇنى مىجىپ تاشلايدىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ يوشۇرۇن ئويناپ يۈرگەن ئادىمىنى غوجايىنىنىڭ ھامىنى بىر كۈنى بىلىپ قالىدىغانلىقىنى ھەمىشە كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى. ئۇ بالىسىنىمۇ ئويلىدى. بالا ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى پۈتكۈل بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا پۈتكۈل بەختىنىڭ مەنبەسى ئىدى.

ئۇ ھەر يىلى ئىككى قېتىم بالىسىنى كۆرگىلى باراتتى، ھەر قېتىم قايتىپ كەلگىنىدە، شۇنچىلىك غەمكىنلىشىپ كېتەتتى.

بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، روسسى بۇنىڭغا كۆنۈپ قالدى، ئۇنىڭ قاتمۇقات غەم ـ قايغۇلىرى ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ، كۆڭلىمۇ ئارامىغا چۈشۈپ، تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىسى كۈچەيدى. ئەمما، غەم ـ قايغۇدىن ئۈزۈل ـ كېسىل خالاس بولۇپ كېتەلمىدى.

يىللار بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ، بالا ئالتە ياشقا كىردى. ھازىر روسسى ئۆزىنى خېلىلا بەختلىك ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتتۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. بىراق، كۈتۈلمىگەندە غوجايىنىنىڭ كەيپىياتى ئۇساللىشىپ كەتتى.

مۇشۇ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان، غوجايىن نېمىدىندۇر ئەندىشە قىلىپ، ئىچى پۇشۇپ يۈردى، بىر خىل غەم ـ ئەندىشە بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتاتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئۇ بېشىنى تۇتۇپ، چوڭقۇر غەمگە چۆكۈپ، ئىچى پۇشقان ھالدا ئۇزاققىچە ئولتۇراتتى، يۈرىكىنى بىر خىل ھەسرەت ئەزمەكتە ئىدى... بەزىدە ھەتتا ئىنتايىن قوپاللىشىپ كېتەتتى، كۆڭلىدە ئاداۋىتى باردەك، روسسىنىڭ گەپلىرىگە زەردە بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

بىر كۈنى قوشنىسىنىڭ بالىسى كېلىپ، ئۇلارنىڭ توخۇ كاتىكىدىن تۇخۇم تېرىۋالدى، ئالدىراش ئىشلەۋاتقان روسسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئەدىپىنى بەردى. ئېرى توساتتىن ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا قىلچىمۇ يۈز ـ خاتىرە قىلماي:

— ناۋادا ئۇ سېنىڭ بالاڭ بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا بۇنداق مۇئامىلە قىلمايتتىڭ، — دېدى.

روسسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ غوجايىنىنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرەلمەي، ئاغزىنى ئاچقىنىچە بىردەم تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئېرى ئۇنىڭغا گەپ ـ

سۆز قىلمىدى، ئۇنىڭدىن بىزار بولغاندەك، ئۇنىڭغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى، گويا قانداقتۇر بىر ئەھۋالنى بىلىپ قالغاندەك، ئۇنى كۆرسىمۇ، كۆرمەسكە سېلىۋالدى.

روسسى ئىختىيارسىز دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. تاماقتىن كېيىن، ئېرى بىلەن بىر يەردە تۇرۇشتىن قورقۇپ، غىپپىدە چىقىپ كەتتى - دە، چېركاۋغا قاراپ يۈگۈردى.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. تار چېركاۋ ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىدى؛ جىمجىتلىق ئىچىدە ئالدى تەرەپتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مۇقەددەس بۈيۈملار مۇتىۋەللىسى ئىلاھىي قوتۇرماچ تەكچىسى ئالدىدىكى چىراغنى ياقتى. لىپىلداپ تۇرغان چىراغ نۇرى قاراڭغۇلۇقنى گۈڭگا يورۇتۇپ تۇرسىمۇ، روسسى ئۇنىڭدىن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى كۆرگەندەك بولدى...

بىر تۆمۈر زەنجىرنىڭ شاراقشىغان ئاۋازىغا ئەگىشىپ، غۇۋا يانغان چىراغ بوشلۇققا ئېسىلدى. ئاندىن ياپىلاق تاش يانتۇزۇلغان يەردە ياغاچ كەشنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى ۋە ئارغامچىنىڭ شىر - شىر قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كىچىك سائەتنىڭ كىچىكە سائەت ئۇچكە چالغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئاستا - ئاستا مانان ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. مۇقەددەس بۇيۇملار مۇتىۋەللىسى چىقىپ كېتىدىغان چاغدا روسسى ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ:

— بۇ چېركاۋدىكى پوپ ئەپەندى ئۆز ئۆيىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭچە ئۆيىدە، ئۇ ھەمىشە سائەت ئۇچكە قوڭغۇراق چېلىنغاندا، كەچلىك تاماق يەيدۇ، — دېدى مۇقەددەس بۇيۇملار مۇتىۋەللىسى.

روسسى تىترەپ تۇرۇپ قولى بىلەن پوپنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

پوپ تاماق يەۋاتاتتى، ئۇ دەرھال روسسىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى:

— شۇنداق، شۇنداق، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭىزنى بىلىمەن، — دېدى پوپ، — ئېرىڭىز مەن بىلەن كۆرۈشكەنىدى.

بىچارە روسسى ماغدۇرسىزلىقتىن يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى.

— قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — دېدى پوپ يەنە.

روسسى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقىمۇ، چىن كۆڭلىدىن ئۆتۈنۈش ۋە مۇراجىئەت قىلىشقىمۇ پېتىنالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولدى.

— قەيسەررەك بولۇڭ، — دېدى پوپ ئۇنىڭغا.

روسسى پوپنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا قايتىپ كېلىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. غوجايىن ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى؛ باياتىن روسسى چىقىپ كەتكەندە، ياللانما ئىشچىلار كەچلىك تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ قايتىپ كېتىشكەنىدى. روسسى «گۇپپلا» قىلىپ غوجايىنىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى - دە، كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ:

— سىز زادى مەندىن نېمىشقا گۇمانلىنىسىز؟ — دېدى.

— ئاناڭنى، سېنىڭ تۇغمىغىنىڭغا ئەجەبلىنىمەن! بىر ئادەمنىڭ خوتۇن ئېلىشى مۇشۇنداق يەككە - يېگانە ئۆتۈش ئۈچۈن ئەمەس، مەن مۇشۇنىڭدىن ئەجەبلىنىمەن. سىيىر موزايلىمىسا، بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ. ئايال خەق بالا تۇغمىسا، ئوخشاشلا بىر تىيىنغىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

روسسى يىغلىغاچ دۇدۇقلاپ:

— بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس! بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس! — دېدى.

ئېرىنىڭ كۆڭلى بىرئاز يۇمشىدى.

— مەنمۇ سېنىڭ سەۋەنلىكىڭ دېمىدىم، — دېدى ئۇ، — بىراق، بۇ ھامان ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ.

5

شۇ كۈندىن باشلاپ، روسسىنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر بالا تۇغۇش خىيالى كىرىۋالدى، بۇ ئارزۇسىنى بارلىق كىشىلەرگە ئېيتتى. ئايال قوشنىسى ئۇنىڭغا ھەر كۈنى كەچتە ئېرىگە بىر چىمدىم كۈل سېلىنغان بىر ئىستاكان سۇ بېرىشنى ئېيتتى. روسسى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى، لېكىن بۇ ئۇسۇل كارغا كەلمىدى.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى «بەلكىم، بۇنىڭ باشقا مەخپىي رىتسېپلىرى باردۇر» دېگەن پىكىرگە كەلدى - دە، ھەممە يەرگە بېرىپ تىڭتىڭلاپ باقتى، يەنە قىرىق ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئولتۇرۇشلۇق بىر قېرى پادىچىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىشتى. بىر كۈنى غوجايىن ئاشۇ كىشىگە مۇراجىئەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. قېرى پادىچى ئۇنىڭغا ئەپسۇن ئوقۇلغان بىر بولكا بەردى. ئۇ بولكىغا ئوت - چۆپ دورىسى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى كېچىسى بىللە بولۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇنى بىر پارچىدىن يېيىشى كېرەك ئىدى.

بولكا تۈگىدى، بىراق ئۇنىڭ قىلچىمۇ نەتىجىسى بولمىدى.

بىر ئوقۇتقۇچى ئۇلارغا يېزىدىكى كىشىلەر بىلمەيدىغان بىر مەخپىي رىتسېپنى، مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بەردى ۋە ئۇنى مۇتلەق شىپا بولىدۇ، دېدى. بىراق، ئۇمۇ ئوخشاشلا كارغا كەلمىدى.

مۇشۇ چېركاۋنىڭ پوپى ئۇلارغا فىگانىغا بېرىپ، مۇقەددەس قانىنى تاۋاپ قىلىش تەكلىپىنى بەردى. روسسى ئۇ يەرگە باردى، بىر توپ ئادەملەر بىلەن بىرلىكتە موناستىردا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سەجدە قىلدى. ئۇنىڭ شېرىن ئارزۇسى ئاشۇ دېھقانلارنىڭ قەلبىدىن چىققان ئارزۇلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۈتكەن نەرسىلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشنى ئىلتىجا قىلىشۋاتقان تەڭرىدىن ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ھامىلدار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، تەلەپلىرى بىكارغا كەتتى.

ئۇ قاتتىق قايغۇرۇپ، يۈرىكى پارە - پارە بولدى، ئاخىر بىراقلا ئورۇقلاپ كەتتى، ئېرىمۇ قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ بىر - بىرلەپ كۆپۈككە ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، كۈچ - قۇۋۋىتى ئاستا - ئاستا ئاجىزلاشتى. كىشىلەر ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ «يۈرەك قېنى خوراپ تۈگىدى.»

ئەمدى ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا جەڭگى - جېدەل باشلاندى. ئېرى ئايالىنى تىللايتتى، ئۇراتتى. ئاخشىمى كارىۋاتقا چىققاندا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، ئايالىنى ئەپسانە سۆزلەر بىلەن تىللاپ ھاقارەتلەيتتى.

بىر كۈنى كېچىدە ئۇ ھەقىقەتەن ئويلىمىغان يەردىن بىر يېڭى ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ ئايالىنى قىيىندى، ئۇنىڭغا كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، يامغۇر ئاستىدا تاڭ ئاتقۇچە تۇرۇشنى بۇيرۇدى. روسسى ئېرىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدى. غوجايىن ئايالىنىڭ گېلىنى سىقىپ، يۈزىگە مۇشت بىلەن سالدى. روسسى ئۈن چىقارمىدى. غوجايىن ئەلپازىنى بۇزۇپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، تىزى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى نىقتىدى. چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، روسسىنى جېنىنىڭ بارىچە ئۇردى. ئاخىر روسسى تۇيۇقسىز قارشىلىق كۆرسىتىپ، بىرلا كۈچەپ ئۇنى تامغا ئىتتىرىۋەتتى ۋە تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، بوغۇق ئاۋازدا:

—— مەن بىرنى تۇغقان! ھە! مەن بىرنى تۇغقان! —— دېدى، —— ئۇ بالا ياكتىن تۇغۇلغان، ياكنى سىز تونۇيسىز، ئۇ ئەسلىدە مېنى ئالماقچى ئىدى. ئۇ جىم - جىملا كېتىپ قالدى.

ئېرى داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ھودۇققىنى-

دىن ئايالىغا ئوخشاشلا ئۆزىنى باسالماي:

— سەن، سەن نېمە دېدىڭ؟ سەن نېمە دېدىڭ؟ — دېدى دۇدۇقلاپ.

روسسى قاتتىق ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلەتتى.

— ئەنە شۇ سەۋەبتىن مەن سىزگە ياتلىق بولمىغان، شۇ سەۋەبتىن، — دېدى ئۇ يىغلىغىنىچە دۇدۇقلاپ، — ئۆز ۋاقتىدا مەن سىزگە بۇنى دېيەلمەيتتىم. دېسەم، سىز مېنى قوغلىۋېتەتتىڭىز، مەن بالام بىلەن ئاچ قالاتتىم. سىزنىڭ بالىڭىز يوق، يوق، بىراق يەنىلا چۈشەنمىدىڭىز! ...

ئېرى بارغانسېرى ھەيران بولدى.

— سېنىڭ بالاڭ بار؟ سېنىڭ بالاڭ بار؟ — دېدى ئۇ ئىختىيارسىز تەكرارلاپ.

— سىز مېنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە يېتىشقا مەجبۇرلىدىڭىز؛ ئەسلىدە سىزگە ياتلىق بولۇشنى خالىمايتتىم. ئەمدىغۇ سىزگە پۈتۈنلەي ئېنىق بولغاندۇ؟

غوجايىن كارىۋاتتىن چۈشۈپ شامنى ياندۇردى، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى. ئايالى كارىۋاتتا دۈم يېتىپ تېخىچە يىغلاۋاتاتتى.

ئۇ ئايالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىردىنلا توختاپ قالدى.

— دېمەك، مېنىڭ سەندىن بالام يوقلۇقىنى مەندىن كۆرۈش كېرەك ئىكەن ـ دە، — دېدى ئۇ. روسسى جاۋاب بەرمىدى.

— سېنىڭ ئۇ بالاڭ قانچە ياشقا كىردى؟

— ئالتە ياشقا كىرەي دەپ قالدى، — دېدى روسسى ئارانلا.

— نېمىشقا ماڭا ئېيتمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى يەنە غوجايىن.

— مەن سىزگە ئېيتالامدىم؟

روسسى ئورنىدا قوزغالماي جىم تۇراتتى.

— بولدى، ئورنۇڭدىن تۇر، — دېدى غوجايىن.

روسسى ئورنىدىن ئاران تەسلىكتە ئۆمىلەپ دېگۈدەك تۇرۇپ، تامغا تايىنىپ پەسكە چۈشتى. ئېرى تۇساتتىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى خۇشال ئۆتكەن كۈنلىرىدىكىدەك مەردانە چىقتى. ئۇ ئايالىنىڭ تېخىچە ھودۇقۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ياخشى، ئىككىمىز بالىلىق بولالمىغاندىكىن، بېرىپ ئاشۇ بالىنى ئېلىپ كېلەيلى، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ روسسىنىڭ جان ـ پېنى چىقتى. ئەگەر پۈت ـ قوللىرى بۇنچىلىك ماغدۇرسىزلىنىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ جەزمەن بۇ يەردىن قېچىپ كەتكەن بولاتتى، بىراق مەيدان غوجايىنى قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا:

— ئەسلىدە مەن بالىلىق بولاي دېگەنىدىم، ھازىر بار بولدى، ھازىر بار بولدى. مەن چېركاۋنىڭ پوپىنى تېپىپ، يېتىم بالىنى تاپشۇرۇۋالىمەن، — دېدى.

ئۇ توختىماي قاقاھلاپ كۈلدى، يەنە ئايالىنىڭ ئىككى مەڭزىگە سۆيۈپ كەتتى، ئايالىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى ياش ھالدا ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاڭلىماي قالامدىكىن دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— يۈر، ئاپىسى، كۆكتات شورپىسى يەنە بارمۇ، يوق؟ بولسا، مەن يەنە ئىچىمەن، — دېدى.

روسسى يوپكىسىنى كىيدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىنادىن چۈشتى.

— ھەي، راستىنى ئېيتسام، مەن بۇ ئىشتىن ھەقىقەتەن بەكلا خۇشال بولدۇم، ئاغزىمدىكى سۆز ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي خۇشال بولدۇم. مەن تولىمۇ خۇشال! — غوجايىن بۇ سۆزلەرنى توختىماي تەكرارلىدى.

(ئاپتورنىڭ «دونداق» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىن)

# پېتوفي شېئىرلىرىدىن

مۇھەممەت ئىمىن تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** پېتوفي شاندور 1823 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، 1849 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ۋېنگرىيە. نىڭ 19 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى. كىچىكىدىن تارتىپ نامراتچىلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئەسكەر ۋە سەرگەردان ئارتىس بولغان. پېتوفىينىڭ شېئىرلىرى ۋېنگرىيە زېمىنىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، مىللىي ئەنئەنە ۋە خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ھەمدە خەلق كۈرىشى ۋە خەلق تەقدىرى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدا كەڭ كۆلەملىك خەلق ئۇرۇشىنىڭ رەڭدار كۆرۈنۈشى نامايان قىلىنغان. 1849 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «تېررورلۇق پەيتتە» دېگەن ئاخىرقى شېئىرنى ئىجاد قىلغان. ئۇزاق ئۆتمەي جەڭنىڭ ئالدىنقى سېپىدە قۇربان بولغان. ھايات ۋاقتىدا كۆپلىگەن ئىنقىلابىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلغاندىن باشقا سىياسىي ئوبزور، سەھنە ئەسىرى، رومان ۋە نەسر قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ يېزىپ، ۋېنگرىيە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

## ئاھ، جۇۋان، ئاھ، گۈزەل جۇۋان

ئاھ، جۇۋان، ئاھ گۈزەل تارتىملىق جۇۋان،
جۇۋانغا ئۆزگىرىپ قالغانسەن قاچان؟
گەر ياتلىق بولمىساڭ ئۇمىدسىزلىكنىڭ،
ھاڭغا يىقىلماس ئىدىم ھېچقاچان.

سەن مېنى تاللىساڭ بولاتتى ئۇۋال،
چۈنكى مەن باي ئەمەس، چېھرىم ھەم ئۇسال.
ئېرىڭنىڭ پۇلى بار، سۆلىتىمۇ بار،
پۇلى بار، سۆلەتلىك، بىراق بەك قوپال.

بىلمەيمەن، تۆكەمسەن ئاڭا مۇھەببەت؟
بىلىمەن، ئۇ سېنى سۆيمەيدۇ پەقەت.
چۈشەنمەس سۆيگۈنىڭ نېمىلىكىنى،
تېخى ئۇ دۆمبالار سېنى بەك دەھشەت.

ئەگەر بۇ تۇرمۇشتىن بولساڭ سەن بىزار،
قولۇڭنى قولۇمنىڭ ئۈستىگە قوي، يار.
بىز دوناي دەرياسى بويىغا كېلىپ،
سەكرەيلى دولقۇنغا بولۇپ تەڭ تەييار!

1844 ـ يىلى 6 ـ ئاي

## تۇلپارىم ئاچ سېرىق رەڭگى ئۇز تۇلپار

تۇلپارىم ئاچ سېرىق رەڭگى ئۇز تۇلپار،
يالى ئۇن ئالتۇندەك ۋاللىداپ چاقنار.
تۇلپارنىڭ «يۇلتۇز» دەپ ئىسمى بار ياڭراق،
ئۇ ئاققان يۇلتۇزدەك ۋىژىلداپ چاپار.

ئاچ سېرىق تۇلپار، ئاق ئېسىل ئارغىماق،
بىر تاقاڭ نەلەردە قالغاندۇ قانداق؟
مەن سېنى يېتىلەپ ئىزدەي تاقچى،
سەن مېنى مىندۈرۈپ قىزنى تاپ پاتراق.

ئېھ، مەشتە يانار چوغ لاۋۇلداپ شۇ دەم،
قىز كۆزى چوغدىنمۇ نۇرانە، كۆركەم.
چوغ تۆمۈر ئېرىتسە، ئۇ قىزنىڭ كۆزى،
يۈرەكنى ئېرىتىپ ئەيلەيدۇ مەلھەم.

1845 ـ يىلى 5 ـ ئاي

## تۇنجى قېتىم كۆرگەندە سېنى ...

تۇنجى قېتىم كۆرگەندە سېنى،
كۆيۈپ قالدىم ساڭا ئەي ئۇماق.
دېدىمكى شۇندا، مەن گويا بىر دەرەخ،
كۆيدۈرگىن مېنى سەن بولۇپ ئوت ـ چاقماق.

بولسام دەيمەن قۇرۇغان دەرەخ،
شاخ ـ شېخىدا قالمىسا ياپراق؟
تاشار شادلىقىم شۇ تاپ ئۆزۈمچە،
چۈنكى قاقشال شاخ ئوت ئالار پاتراق.
1845 ـ يىلى 8 ـ ئاي

## بىز بىللە قىلغاندا سەيلە، ئەي جانان ...

بىز بىللە قىلغاندا سەيلە، ئەي جانان،
سۆكۈتتە جىم تۇردۇڭ، مەن سۇرمەي زۇۋان.
شۇ تاپتا نېمىنى ئويلىدىڭ، ئوماق؟
ئىنىقىم ئاز ساڭا، بۇ ماڭا ئايان.

بىر ئىش ئۇستىدە ئويلايمەن پەقەت،
بۇ ئىشنى كۆچلاپ يۈرمەك بىھاجەت.
ئويلايمەن نېمىنى؟ ئويلايدىغىنىم،
سانىسا تۈگىمەس ئەڭ گۈزەل نىيەت.

بىلسەڭ، ھەر نىيىتىم كۆمۈش قوڭغۇراق،
ساداسى ئاجايىپ جەلپكار، ياڭراق.
جەلپكار ... بىراق ئۇ مۆڭلۈق ھەسرەتلىك.
شۇڭلاشقا يۈرىكىم پارە مۇشۇنداق.
1845 ـ يىلى 8 ـ ئاي

## مەن دەرەخ، ناۋادا ...

مەن دەرەخ، ناۋادا گۈل بولساڭ كۆركەم،
گۈل بولاي، ناۋادا سەن بولساڭ شەبنەم.
مەن سەھەر شەبنىمى، سەن بولساڭ ئاپتاپ،
شۇندىلا بىز بىللە بولىمىز ھەر دەم.

ئەي ئوماق، ناۋادا بولساڭ سەن جەننەت،
مەنمۇ ھەم ئايلىناي يۇلتۇزغا ئەبەد.
ئەي ئاي قىز، ناۋادا بولساڭ سەن دوزاخ،
سەكرەيمەن دوزاخقا سېنى دەپ پەقەت.
1845 ـ يىلى 8 ـ ئاي

## شام پىلىلدايدۇ قاراڭغۇلۇقتا ...

شام پىلىلدايدۇ قاراڭغۇلۇقتا ...
تۇرىمەن شۇ تاپ يېگانە، پىنھان ...
ئىس ئۆرلەۋاتقان غاڭزام ئاغزىمدا ...
ماڭىمەن ئۆيدە ئۇياندىن ـ بۇيان...

ئۆتكەن ئاشۇ چاغلار زاھىر ئالدىمدا ...
ماڭغاچ كۆزىتىپ، ئويلايمەن ھامان.
ئەسلەتتى بىردىنلا دوستلۇقنى ماڭا.
تام بويلىغان ئىس تولغىنىپ لەرزان.
1846 ـ يىلى 3 ـ ئاي

## ھەسرەتنى دەمسەن؟ ئۇ بىپايان دېڭىز ...

ھەسرەتنى دەمسەن؟ ئۇ بىپايان دېڭىز،
شادلىقچۇ؟ دېڭىزدا ناھايەت مارجان.
سۈزگەندە مەن ئۇنى دېڭىز تەكتىدىن،
ئېھتىمال چېقىلىپ چېچىلدى ھەر يان.
1846 ـ يىلى 3 ـ ئاي

## جاھىل ـ كاج قىزچاق

دەيمەن سېنى جاھىل ـ كاج قىزچاق،
سۆيۈپ قوياي، كەلگىنە تېزرەك.
چىڭ قۇچاقلاپ، بېلىڭنى تولغاپ!
ئۆتۈپ كېتەر كۈنلەر بىر ـ بىرلەپ،
سەنمۇ ئاستا قېرىپ بەل پۈكلەپ،
ئايرىلىسەن ياشلىقتىن، قاقشاپ.
سولىشىدۇ بىلىڭ قورايدەك،
بەلكىم ئۇ چاغدا تاۋۇتتىن بۆلەك
ھېچكىم سېنى قويماس قۇچاقلاپ.
ئادەم يوق قانسىز لېۋىڭگە سۆيەر،
قەبرەڭدە پەقەت قوڭغۇز ئۆمىلەر.
قېنى ئۆزۈڭ باقمامسەن ئويلاپ ...
تىترىدىمۇ يۈرىكىڭ شۇ دەم.
ئالدى قانداق ھېس ـ تۇيغۇ چۇلغاپ؟
تۇيمىدىڭمۇ سوغۇق سۆيۈش ھەم
مۇزدەك قۇچاقلاش قالسا يېقىنلاپ؟!
1846 ـ يىلى 3 ـ ئاي

## ئاھ، كۆڭلۈم، بەك غەشتۇر، بەك غەشتۇر شۇ تاپ

ئاھ، كۆڭلۈم بەك غەشتۇر، بەك غەشتۇر شۇ تاپ،
مۇھەببەت ھەسرىتى ئالغاچقا چىرماپ.
مۇھەببەت ئازابى، سۆيگۈ بېسىمى،
ئاز قالدى پەقىرنى قىلغىلى خاراب.

مەيلى يا كۈندۈزى ياكى تۈندە ھەم
ئەسلەيمەن مەن سېنى سېغىنىپ ھەر دەم؛
كەتمەيدۇ كاللامدىن شۇ خىيال پەقەت:
دەيمەنكى، سەنمۇ ھەم ئەسلەمسەن، ئەركەم؟

سۆيگۈمنى ئۆزۈڭگە كۆرمىسەڭ راۋا.
شۇندىمۇ سەندىن ۋاز كەچمەيمەن ئەسلا.
ناۋادا سۆيمىسەڭ، سۆيمىسەڭ مېنى،
ئۇنداقتا تەڭرىمۇ تاپالماس داۋا.

1846 ـ يىلى 9 ـ ئاي

## دىرىلدەيدۇ دەرەخ غىرىسلاپ[1]

دىرىلدەيدۇ دەرەخ غىرىسلاپ،
بىر قۇش پەسلەپ چۈشكەن شاخ تامان.
ئەنسىز تىترەپ كېتەر يۈرىكىم،
ئەسكە ئالسامىلا سېنى ئەي جانان.
مەجنۇنتالدەك زىبا ئۇمىقىم،
ئوي ـ خىيالىمدىن كەتمەيسەن ھامان.
ئېيتاي، ئالماس سەن بۇ دۇنيادىكى،
شۇنداق ئەتىۋار، تەڭداشسىز يوغان!
دۇناي دەرياسى قالدى ئۇلغىيىپ،
پەيلى ئېھتىمال دولقۇنلاپ ئاقماق.
يۈرىكىم قېنى قاينىدى قىزىپ،
ئۇ ھارارەتنى مۈشكۈلدۇر باسماق.
سۆيەمسەن مېنى، ئەي ئەتىرگۈلۈم.
سۆيىمەن سېنى چىن دىلدىن، ئۇماق.
ئاتا ـ ئاناڭنىڭ سۆيگۈسى ھەتتا
مېنىڭ ئىشقىمغا بولالماس ياماق.

بىلىمەن، بىللە تۇرغاندا، جېنىم،
باغلىغانىدىڭ ماڭا مۇھەببەت.
ياز ئىدى ئۇ چاغ، تىنچىق ئاجايىپ،
ئەمدى كەلدى قىش، سوغۇق ئالامەت.

سۆيمىسەڭ دىلدار مېنى ناۋادا،
تەڭرىمىز ساڭا بەرگەي سائادەت؛
يەنىلا مېنى سۆيسەڭ سەن ئەگەر،
ياغدۇرغاي تەڭرى قوش ـ قوشلاپ ئامەت!

1846 ـ يىلى 11 ـ ئاي

## ئىت قەسىدىسى[2]

ھاۋا بەك بۇلۇتلۇق، تۇتۇقتۇر ئاسمان،
سوقىدۇ ۋىژىلداپ بوران ـ شىۋىرغان.
سوغۇق قىش پەسلىنىڭ قوشكېزەكلىرى،
قار، يامغۇر ئالمىشىپ ياغىدۇ ھامان.

غەم ـ قايغۇ، ئەندىشە بىزگە نە ھاجەت؟
تار بۇلۇڭ تەئەللۇق بىزگە ئۆي سۆپەت.
مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل ياخشى ئىگىمىز،
راسلىغان بىزگە جاي شۇنداق كارامەت.

① بۇ شېئىر پېتوفېنىڭ 1846 ـ يىلى رەپقىسى يۈرىيەگە يازغان ئوتتۇز بىرىنچى مۇھەببەت شېئىرى، شۇنداقلا شۇ يىلى يازغان ئاخىرقى بىر شېئىرى. بۇ شېئىر خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ۋېنگىرىيەدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان، پېتوفې ھايات چېغىدىلا مۇزىكانتلار تەرىپىدىن نوتىغا سېلىنغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ شېئىر تا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ شېئىر يەنە ئاتمىش نەچچە خىل چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

② «ئىت قەسىدىسى» ناملىق بۇ شېئىر دەسلەپتە «ھايات مەنزىرىسى» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان. شائىر ھايۋاناتلارنىڭ تەبىئىتى ئارقىلىق ئىككى سىنىپنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنى تەسۋىرلىگەن. بۇ شېئىر ئۆتكۈر سىياسىي لىرىكا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(داۋامى 67 ـ بەتتە)

# ئېسىلزادە

## ماتسۇمۇرا ئېيلو (ياپونىيە)

شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى

مەن ھازىر يەنىلا تەنھا ئۆتۈۋاتقان بولسامۇ، ئەمما بىر مەزگىل ماڭا تالاي لايىق چىققانىدى.

كىچىك ۋاقتىمدا، نېمە ئۈچۈنكى مېنى نۇرغۇن باللار ياخشى كۆرەتتى. ماڭا ئەڭ دەسلەپ توي قىلىش تەلىپى يەسلىدىكى چېغىمدىلا قويۇلغانىدى. باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ماڭا چاي ئىچكۈزىدىغانلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. مۇنداق دېسەم، بەلكىم بەزىلەر مېنى بالدۇرلا يېتىلىپ كەتكەنىكەن دەپ قېلىشى مۇمكىن. مېيلى قانچىلىك يىگىتلەرنىڭ توي قىلىش تەلىپىگە قوشۇلاي، بۇلار مېنىڭ شۇ چاغدا زېرەك، رايىش بىر قىز بولغانلىقىمدىن بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئۇ چاغدا كاللامدا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتىم.

شۇنداقتىمۇ، ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر ئوغۇل بالىنىڭ مەن بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلمىغانلىقى ھازىرغىچە ئېسىمدە. مەن ھازىر شۇ چاغدىكى بولغۇسى ئېرىمنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسامۇ، بىراق ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ ئىشلىرى شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇ ئىشلار بىر قېتىملىق تەنھەرىكەت يىغىنىدا بولۇپ ئۆتكەنىدى. ئۇ بىزنىڭ سىنىپتىكى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش ماھىرى ئىدى، ناھايىتى تېز يۈگۈرەيتتى. مەشىق ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭغا:

— غەيرەت قىلىڭ! ئەگەر بىرىنچى بولسىڭىز، مەن سىز — رىيۇيا بىلەن توي قىلىمەن، — دېدىم. ئۇ خۇشال بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ماڭا قاراپمۇ قويماي:

— مېنىڭ سىز بىلەن توي قىلغۇم يوق، — دېدى. كۈتمىگەن يەردىن چىققان بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق دەيدىغانلىقىنى سورىدىم.

— چۈنكى، سىز دېگەن ئېسىلزادىلەردىن ئەمەس، — دېدى ئۇ دەرھاللا. بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۈركۈنۈپ كەتتىم، ئۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىمنى ھازىر تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەن تېخى ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. ھەممىلىرىمنىڭ نەزىرىدە مەن سۆيۈملۈك بالا؛ ئاتا - ئانامنىڭ نەزىرىدە مەن تېخى بىر ئوماق بالا ئىدىم.

ئېسىلزادە دېگىنى نېمىنى كۆرسىتىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ دېگەن ھېلىقى ئۆلچىمى مېنى گاڭگىرىتىپلا قويدى. ئىشتىن كىرىپلا چوڭلاردىن سورىدىم:

— ئاپا، ئېسىلزادە دېگەن قانداق ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ؟

ئاپام مېنىڭ بۇ سوئالىمغا بەكلا قىزىقىپ، مەندىن قانداق بولۇپ بۇ سوئالنى سوراپ قالغانلىقىمنى سورىدى.

— باشقا ئىش يوق، مۇنداقلا كاللامغا كېلىپ قالدى شۇ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان ئادەملەرنى كۆرسىتەمدۇ يا؟

— مېنىڭچە، كىيىم بىلەن ئادەمنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

— ئەمىسە ئېسىل يەپ - ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەر ئوخشىمامدۇ؟

— مېنىڭچە، ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ. بەلكىم باشقىلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسەتسە كېرەك. كۆڭلىدە ئۆزىنىلا ئەمەس، ئۆزگىلەرنىمۇ ئويلايدىغان، باشقىلارغا ناھايىتى سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرنى دېمەكچى بولسا كېرەك.

— ئاپا، سىز ئېسىلزادىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، شۇنداق كىشىلەردىن بولسام دەپ ئويلايمەن.

— بۇ گەپچە، ئاپام تېخى ئېسىلزادىلەردىن ئەمەس ئىكەن. مەن ئېسىلزادىلەردىن تۇغۇلمىغاندىكىن، ئېسىلزادىلەردىن بولالماسلىقىم تۇرغان

گەپتە!

— ئۇنداق ئىش يوق، مەيلى قانداق ئائىلىدىن تۇغۇلسۇن، پەقەت تىرىشىشقا بەل باغلىسىلا، ئېسىلزادىلەردىن بولالايدۇ، مەيلى نېمىلا دېمەيلى، مۇشۇ مەسىلىنى ئويلىغانىكەنسىز، دېمەك ئېسىلزادىلەر تەرەپكە قاراپ تۇنجى قەدەم باسقان بولىسىز.

— ئەمىسە، ريۇيا ئېسىلزادىلەردىن ئىكەن ـ دە، — شۇ زامان كۆڭلۈمنى بىر خىل ئۈمىدسىزلىك قاپلىدى.

دادام ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئاپام دەرھال مېنىڭ مۇشۇنداق بىر مەسىلىنى سورىغانلىقىمنى دوكلات قىلىپ ئۈلگۈردى.

— ناھايىتى چوڭقۇر مەسىلە توغرىسىدا ئويلىنىپتۇغۇ، بۇ خېلى پەلسەپىۋىلىككە ئىگە مەسىلە ئىكەن، — دېدى دادام.

شۇنىڭ بىلەن مەن ريۇيا خېلى پەلسەپىۋىلىككە ئىگە يىگىت ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدىم.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خېلى بىر مەزگىلگىچە، «ئېسىلزادە» دېگەن بۇ گەپ بىزنىڭ ئۆيدە مودا گەپكە ئايلاندى. مەيلى كىمنىلا ماختىمايلى، ئاپام ـ دادىلار «ئېسىلزادە» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالدى.

— يوشىدا خانىم مومىسىنىڭ ھالىدىن شۇنداق ياخشى خەۋەر ئېلىۋېتىپتۇ، ئۇ دېگەن ئېسىلزادە!

— ماچىدالار يەنە ئالاھىدە تېلېفون بېرىپتۇ، نېمىدېگەن ئېسىل ئادەملەر ـ ھە.

— ئاڭلىسام تومى بەك تىرىشچان ئىكەن، نېمىدېگەن ئېسىل.

— ۋۇي، يەنە ئازراق ھاراق قۇيۇۋېتىڭ، ئېسىلزادە خانىم.

— ئېسىلزادە ئوغلۇم، ئەمدى ئۇخلىغىن.

ئېسىلزادە دېگەن زادى نېمىگە قارىتىلغاندۇ؟ مەن بارغانسېرى ئېلىشىپلا قالدىم.

ئاردىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن بۈگۈنگە قەدەر «ئېسىلزادە» بولالمىدىم، ھەتتا «ئېسىلزادە» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشىنەلمىدىم. ئوتتۇز ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنۈم يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ھەم بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى توي قىلىش پۇرسىتىم بولغان بولسىمۇ، ئەمما مەن ئوغۇل دوستۇمنىڭ ھەممىلا ئىشتا ئانىسـ

ـنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغانلىقىدىن بىزار بولدۇم، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئايرىلىدىغان چاغدا: «مەن ئەزەلدىن سىزگە ئوخشاش بۇنداق پەسكەش ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان» دەۋەتتىم.

كۆڭلۈم يېرىم بولغان ھالدا يۇرتقا قايتىپ بارغىنىمدا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن جەم بولۇپ قالدىم. ئۆز ۋاقتىدا يېزىدىكى بۇ زىلۋا باللارنىڭ ھەممىسى ئەمدى قورساق سېلىپ قۇرامىغا يەتكەن ئادەملەردىن بولۇپ كېتىپتۇ. ئەگەر تازا سىنچىلاپ قارىمىسىڭىز، ئۇلارنى زادىلا تونۇيالمىغۇدەكلا بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ، قارشى تەرەپنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تازا تىكىلىپ قارىسىڭىز، قېلىن قاپاقلار ئارىسىدىن بالىلىق مەزگىلىدىكى تونۇش كۆزلەرنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز ـ دە، بىر خىل ئىللىق تۇيغۇغا چۆمىسىز. بەلكىم تېخى يېقىندىلا ئوغۇل دوستۇم بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ، كەيپىياتىم تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بىلىپ ـ بىلمەي جىق ئىچىپ قويۇپ، مەست بولۇپ قالدىم. ئۆزۈم يالغۇز شەھەردە ئەزەلدىن ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ باقمىغان بولساممۇ، ئەمما تېگى ـ تەكتىدىن بىلىشىدىغان كونا ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، ئىچ ـ قارنىم بوشاپ خېلى ئازادىلىشىپ قالدىم. قاچاندىن باشلاپ مەست بولۇپ كەتتىمكىنتاڭ، تازا ئۇقمايمەن، ئەرلەرنى كۆرسەملا كۆزىگە كىرىۋېلىپ چاپلىشىۋاپتىمەن.

— سىز، ماڭا تەكلىپ قويمىغانمىدىڭىز، نېمانداق چوپچوڭلا بولۇپ كەتتىڭىز؟

— سىز بار، سىزمۇ شۇ، سىلەر زادى قاچان گېپىڭلاردا تۇرىسىلەر؟

ئاياللىرىنى بىللە ئەكەلگەن ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمغا بۇنداق گەپلەرنى قىلسام، تازا مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك، تۇيۇقسىز بىرەيلەن كەينىمدىن بېلىكىمدىن تارتىپ ماڭا:

— ئۇنداق قالايمىقان جۆيلۈمەڭ، — دېدى. شۇنداق كەينىمگە قارىسام، تونۇش بىر چىراي تۇرمامدۇ.

— سىز نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز، ئۇ تېخى يېقىندا توي قىلدى، ئۇنىڭ خانىمىنىڭ چىرايىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ چاپلىشىدىغان ئىش بولسا ماڭىلا چاپلىشىڭ، مەن ھاـ

زىرغىچە بويتاق.

— سىز ئوخشىمايسىز. مەن سىز بىلەن توي قىلىمەن دەپ پۈتۈشمىگەن.

— بولدى، بولدى، بۇياققا ئۆتۈڭا.

مەن دەلدەڭشىپ قالغاندا، ئۇ مېنى يېنىدىكى ئورۇندۇققا تارتىپ:

— بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز، نېمانداق چوڭ بولغىنىڭىزنى تۇيمايسىز، — دېدى ئاچچىقلاپ.

— مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ماڭا توي قىلىش تەلىپىنى قويغانلار باشقىلار بىلەن قايسى ۋاقىتتا توي قىلىشۋالدى؟ مەن ئازراقمۇ خەۋەر تاپماپتىمەنغۇ؟

— ئۇنداق كىچىك بالىدەك ئىش قىلماڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— كىچىك بالىدەك دەمسىز؟ ماڭا قانچىلىك ئادەم توي قىلىش تەلىپىنى قويغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەرسى بولسىمۇ، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان بولسىچۇ كاشكى. مەن بولسام هازىرغىچە كۆڭلۈمدە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇ يەنە كۈلدى ۋە مۇز تۇتۇپ كەتكەن بىر تال مېنېرال سۇ بوتۇلكىسىنى ئالدىمغا قويۇپ قويدى.

— هەي، — دېدىم مەن، — ئېسىلزادىلەرگە زادى قانداق ئادەملەر كىرىدۇ؟

— نېمە؟ بۇنى نېمىشقا تۇيۇقسىز سوراپ قالدىڭىز؟

— بۇ هەرگىز تۇيۇقسىز ئەمەس. بۇ گەپنى ئۆزىڭىز دېگەنغۇ؟ مېنى سىز ئېسىلزادە ئەمەس دەپ.

— مەن ئۇنداق دېمىگەن.

بۇ ئىش ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. مېنىڭ تېخىمۇ جۇدۇنۇم ئۆرلىدى. ئىختىيارسىز ئاۋازىممۇ قوپال چىقىپ كەتتى:

— سىز شۇنداق دېگەن. شۇ چاغدىن باشلاپ مەن سىزنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز گېپىڭىز ئۈچۈن ئاچچىق يۇتۇپ، هازىرغا كەلگۈچە توي قىلماي كەلدىم، مېنىڭ توي قىلماسلىقىمغا سىزنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزىڭىز سەۋەبچى بولغان، بۇ گەپنى هازىرغا كەلگۈچىمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم.

— سىز يەنە قايسى يۈزىڭىز بىلەن بۇ گەپنى قىلىۋاتىسىز؟ سىز كىچىكىڭىزدىن باشلاپلا ئوغۇللار بىلەن بۇياقتىن توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ، ئۇياق-تىن تاشلىۋېتىپ، ئۆزىڭىزگە قىلغاننىڭ دەردىنى ئۆزىڭىز تارتىپ يۈردىڭىزغۇ؟

— مەن تاشلىۋەتمىدىم.

ئاخىر ئۇ ئويلىنىپ قالدى ۋە دېگەن گېپىگە ئىقرار بولدى.

— هە، دەپتىمەن، دەپتىمەن. سىز ئوغۇللارنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئالماشتۇرۇپ يۈرمىدىڭىزمۇ؟ بۇلارنىغۇ بىلىدىغانسىز؟ سىز هەر قېتىم يېڭىدىن بىرسى بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەندە، ئىلگىرى سىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ئوغۇللار ئازابتا ياش تۆكۈپ يۈرمىدىمۇ؟ هەممەيلەن دېگۈدەك كەينىڭىزدىن سىزنى بۇزۇق قىز ئىكەن دېيىشىپ يۈردى. بىرەرسى سىزگە توي قىلىش تەلىپىنى قويسىلا، سىزمۇ ئار-نومۇسنى قايرىپ قويۇپ تېگىمەنلا دەپ يۈردىڭىز. توپ مەيدانىدا، سىز مەن بىلەن توي قىلىمەن دېگەندە، يېنىمىزدا شويو بار ئىدى.

— ئۇ كىم؟

— سىز ئالدىنقى كۈنى توي قىلىمەن دېگەن بالا.

— هە، مۇنداق دەڭ؟

— شۇڭا، قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. زادىلا قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويدىڭىز؟ ئۇنى ئۇنىڭ ئالدىدىلا شۇنداق دېسىڭىز، شويونى تاشلىۋەتكەن بولۇپ قالامسىز.

— مەن ئۇنى تاشلىۋەتمىدىم. مەن توي ئىشىنىڭ پەقەت بىر ئادەم بىلەنلا پۈتىشىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. يېڭى نىكاھ توختامىنىڭ بارلىققا كېلىشى كونا نىكاھ توختامىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، مېنىڭ بۇ ئىشتىن قەتئىي خەۋىرىم يوق ئىكەن.

— سىز تولا چاقچاق قىلماڭ، — دېدى ئۇ.

— چاقچاق قىلمىدىم، راست خەۋىرىم يوق ئىكەن، مەن ئۇ چاغدا تېخى بىر بالا ئىدىم، پەقەت باشقىلار بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەن دېگەندىنلا خەۋىرىم بار ئىدى.

— تازا قىزىق گەپ بولدى، — ئۇ يەنە كۈلدى، ئاندىن غودۇراپ قويدى، — راستمۇ.

دېمىسىمۇ بۇ راست ئىدى. بىراق، كۆڭلۈمدە مەن ئېسىلزادىلەرگە ئايلىنالمىغاچقا، مېنى ئالىدىغان ئادەم چىقماپتۇ-دە، دەپ ئويلىدىم. بۇ ئويۇ ئاڭ-

لانماقتا سەل غەلتىرەك بولسىمۇ، بىراق ھازىرغا قەدەر مۇشۇنداق ئويدا ئىدىم. «ئېسىلزادە» دېگەن بۇ گەپ كۆڭلۈمدە ساقايماس يارىغا ئايلىنىپ كەتتى.

—— شۇڭا، ئېسىلزادىلەردىن بولمەن دەپ ھازىرغا كەلگۈچە ئاچچىق يۇتۇپ كەپسىز ـ دە؟

شۇنداق، بۇ مەسىلىنى مەن ناھايىتى ئۇزاق يىل ئويلاندىم. ماڭا نىسبەتەن بۇ گەپ يۇكسەك بىر غايە ئىدى.

—— سىز دېگەن ئېسىلزادە!

ئۇ ماڭا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. كۆزلىرىدە ئۇچقۇن چاقنايتتى. ئون ياشلىق رىيۇيامۇ ئاخىر كۇلۇۋەتتى.

—— راستمۇ؟

—— راست.

—— مەنمۇ ئېسىلزادىگە كىرەمدىم؟

—— شۇنداق، ئەگەر شويۇ سىزگە ئېغىز ئاچمىغان بولسا، مەن سىز بىلەن توي قىلىشقا پۇتۇشەتتىم.

—— مەن، راست ئېسىلزادە؟

—— ئەلۋەتتە، ئېسىلزادە، سىز چوقۇم ئېسىل ئايال، ئېسىل ئانا، ئېسىل موماي بولالايسىز.

مەن قاقاھلاپ كۇلۇپ كەتتىم.

—— ئەمىسە مەن بىلەن توي قىلىڭ.

—— شۇنداق، بولىدۇ ـ دە! —— دېدى ئۇ.

—— بۇنداق ئىشلار تېخىمۇ «ئېسىل» ئاچچىق يۇتۇشلاردىن كېيىن قارار تاپىدىكەن.

(«چەت ئەلنىڭ ئەڭ يېڭى ھېكايىلىرى» دېگەن كىتابتىن)

(بېشى 63 ـ بەتتە)

قورساقنىڭ غېمىدە يۇرمەيمىز قاتراپ.
ئىگىمىز تائامنى يەپ بولسا يايراپ؛
شىرەدە ئۆزىدىن ئاشقان ـ تاشقاننى
بىزگە ھېچ قالدۇرماي بېرىدۇ تاشلاپ.

يەيمىز ھەم قامچىمۇ، راست گەپنى دېسەك،
غالجىرلىق بىلەن ئۇ تاراسلار، دېمەك.
سالسىمۇ كۆپ ئازاب قامچا ئىزناسى،
ساقىيىپ كېتىمىز تېز تۇتۇپ سۆڭەك.

ئىگىمىز پۇخادىن چىقسا چالۋاقاپ،
قايتىدىن يېنىغا چاقىرار چىللاپ.
چۆمۈلۈپ چىن بەخت تۇيغۇسىغا بىز،
قانىمىز خانزادە تاپاننى يالاپ.

1847 ـ يىلى 1 ـ ئاي

## بۆرە قەسىدىسى

ھاۋا بەك بۇلۇتلۇق، تۇتۇقتۇر ئاسمان،
سوقىدۇ ۋېژىلداپ بوران ـ شىۋىرغان.
سوغۇق قىش پەسلىنىڭ قوشكېزەكلىرى،
قار، يامغۇر ئالمىشىپ ياغىدۇ ھامان.

سوزۇلغان كەڭلىكلەر تاپتاقىر تامام،
بىز بۇندا ھاياتنى ئېتىمىز داۋام.
ئۆسمەيدۇ بۇ يەردە ھەتتا دەل ـ دەرەخ،
يوق بىزگە پاناھلىق بىرەر جاي ـ ئارام.

ئاچلىقنىڭ دەردىدىن كولدۇرلار قورساق،
قەھرىتان جۇت نەشتەر سانجىيدۇ ھەر ۋاق.
بىزنى شۇ ئىككىسى قىلىپ سۇر ـ توقاي،
رەھىمسىز ئازابلاپ تويغۇزىدۇ جاق.

بۇ يەردە بار يەنە ئۇچىنچى دەللال،
بىزگە ئوق ئۇزگۇچى —— قارايغان قورال.
بويىلار قىپقىزىل قېنىمىز بىلەن
كۇلتۇك قار قاپلىغان دالامۇ دەرھال.

توڭلايمىز سوغۇقتا، يۇرىمىز ئاچ ـ زار،
ئوق تەگكەن قورساقتا يارا ئىزى بار.
تۇرسىمۇ ھەر ئەزا ئاغرىپ زىڭىلداپ،
ئەركىنلىك ئاقىۋەت بولدى بىزگە يار.

1847 ـ يىلى 1 ـ ئاي

(«پېتوفى لىرىكىلىرىدىن ئاتمىش پارچە» ناملىق كىتابتىن)



# كۆك بېلىق

خالدور كىليان لاكسىنىس (ئىسلاندىيە)

ھەزرىتى ئەلى بارات تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** خالدور كىليان لاكسىنىس ئىسلاندىيەنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى، دىراماتورگى، ئۇ 1902 ـ يىلى ئىسلاندىيە پايتەختى رېيكياۋىك شەھىرى ئەتراپىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلىسى بەك نامرات بولغانلىقتىن، مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتقا كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن. ئۇن يەتتە يېشىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئون توققۇز يېشىدا تۇنجى ئەسىرى ـ «تەبىئەت ئوغلى» ئېلان قىلىنغان. بۇ كۆپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچى ئوتتۇزدىن ئارتۇق كىتاب يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىسلاندىيەنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى قەھرىمانلىق ئېپوسىنىڭ بەدىئىي ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇلۇغۋار روھ، قىزغىن ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. «ئەسەرلىرىدە ئېپوسلارغا خاس جۇشقۇن روھ ئىسلاندىيەنىڭ بۈيۈك ھېكايىچىلىق سەنئىتىنى قايتا گۈللەندۈرگەنلىكى» ئۈچۈن، 1955 ـ يىلى شەرەپ بىلەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

«كۆك بېلىق» لاكسىنىسنىڭ نادىر ھېكايىسى. ھېكايىدە ئاڭسىزلىق ئاسارىتىدە تۇرۇۋاتقان بىر بېلىقچىلىق كەنتىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. ھەممە توقسان ياشتىن ھالقىغان كادىر ئىسمىلىك بىر مومايىنىڭ كۆك بېلىق ئادالاۋاتقاندا ئىپادىلىگەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەشتەك روھىي ھالىتى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق ئازاب ـ ئوقۇبەت، مىسكىنلىك ۋە گاراڭلىق ئىسكەنجىسىدە تۇرۇۋاتقان بېلىقچىلارنىڭ ھاياتقا بولغان بىر خىل يوشۇرۇن ئارزۇسى ۋە ئىنتىلىشى ئېچىپ بېرىلگەن.

## 1

كۆك بېلىق[①] كەلدى.

ئۇنىڭ بۇ ئەتراپتىن يوقاپ كەتكىنىگە ئون يەتتە يىل بولغانىدى. 1909 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۇنى بۇ يەردە كۆرگىلى بولمىدى. ئەمما، بۇ يىل يازدا ئۇ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ خۇددى سېخىي قۇياشنىڭ ئۆز نۇرىنى بۇ بېلىقچىلىق كەن-

① كۆك بېلىق ـــ سېلىد بېلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىمالىي مۆتىدىل بەلباغ ۋە شىمالىي قۇتۇپقا يېقىن دېڭىزلاردا ياشايدۇ.

تىگە ئايىماي سەپكىنىگە ئوخشاشلا تەبىئىي
ئەھۋال ئىدى. كىشىلەرنىڭ تەقدىرى چوڭقۇر سۇ
ئاستىدا ياشايدىغان تولىمۇ ئەركە مۇشۇ جانلىققا
باغلىق ئىدى.

كۆك بېلىق ئۆزىنىڭ غەلىتە خۇيى بىلەن بۇ
يەردىكى كىشىلەرنى بايمۇ، كەمبەغەلمۇ قىلىۋېتە-
لەيتتى. ئۇ خۇشال بولسا، بۇ بېلىقچىلىق كەنتى
ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى، كىشىلەرنىڭ كۈنىمۇ بايا-
شاتچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. ئۇ يەنە چەت ئەللىك
سودىگەرلەرنى جەلپ قىلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلە-
لەيتتى. ئۇلار كەلسىلا، بۇ يەردە ماكان تۇتۇپ
تۇرۇپ قالاتتى ـ دە، چۆنتەكلىرى پۇلغا تولاتتى.
ئۇلار ئاشۇ كۆك بېلىقنىڭ ھىممىتىدە تاغ جىلغى-
لىرىغا ھەشەمەتلىك تۇرالغۇلارنى سېلىشاتتى. سو-
دىگەرلەرنىڭ ئىشتىكلىرىنىڭ ئالدىدىكى قىزىل،
كۆك، يېشىل سىر بىلەن سىرلانغان بەلگىلىرىمۇ
بۆلەكچە كۆركەملىشىپ كېتەتتى. ئاشۇ سودىگەر-
لەر سەندىن مەن قالامتىم دېگەندەك، ئىشككە
كۆركەم ۋىۋىسكىلارنى بەس ـ بەستە ئېسىۋېتىشەت-
تى. كۆك بېلىقنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ بې-
لىقچىلىق كەنتىدىكىلەر پۇت ـ قولىغا تەگمەي
جىددىي ئىشلەپ كېتەتتى. ئىش كۆپ چاغلاردا كې-
شىلەر تۈنىۋىي بىرەر سائەتمۇ كۆز يۇممايتتى.
ئىشلىگەن سائىتىگە قاراپ ھەق بېرىلىدىغان
ھەمدە جىق ئىشلىسە مۇكاپاتمۇ بېرىلىدىغان بول-
غاچقا، ئۇلار شۇنچىلىك جاپالىق ئىشلەيتتى. ئۇلار
يازدا جىقراق ئىشلىۋالسا، قىشتا بالىلىرىنى رېك-
ياۋىكقا ئاپىرىپ مەكتەپتە ئوقۇتالايتتى. قىزلىرىغا
بىرنەچچە قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرەلەيتتى.
سەل ئېشىنالىغانلىرى بولسا ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى-
نى قاڭالتىر بىلەن ياپقۇزۇپ، چىرايلىق قىلىپ
سىرلىتاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ كىچىك
ئۆيلىرى پۇللۇق كىشىلەرنىڭ قەۋەت ـ قەۋەت سې-
لىنغان ئېسىل ئۆيلىرىدىن قېلىشمايتتى. بۇنداق
باياشاتچىلىق مەزگىللىرىدە سودا ـ سېتىقچىلار
مەيداندا بېلىقچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۆزئا-
را ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ، چاقچاقلىشىپ قويۇ-
شاتتى.

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان كۆك بېلىق ئازلاپ
كەتتى. بېلىقچىلار ئاۋۋالقىدەكلا تورلىرىنى يېيىشى-
تى. ئەمما، تورلىرىغا بىرەر تالمۇ بېلىق چۈشمى-
دى. تور ھەر كۈنى تاشلاندى، ئەمما ئۇششاق ـ
ئۇششاق بېلىجان ۋە راكلاردىن ئۆزگە تورغا ھېچ-
نېمە چىقمىدى. مۇشۇ تەرىقىدە ئارىدىن بىرنەچچە
يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى جىلغا ئوتتۇرىسىغا جايى-
لاشقان بۇ دەريا گويا ئىچىدە بىر تىيىن پۇل قالمى-
غان ھەمىيانغا ئوخشاپ قالدى. مۇبادا ئاندا ـ ساندا
كۆك بېلىق تورغىسىدىكى گەپلەر ئاڭلىنىپ
قالدى دېيىلسە، ئۇمۇ باشقا جايلاردىن تارقالغان خە-
ۋەردىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

بېلىقچىلىق كەنتى يىلدىن ـ يىلغا سۆرۈنلى-
شىپ، ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالدى. سودا ـ
سېتىقچىلارنىڭ چاپانلىرى يىرتىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا
قىرلاپ كىيىپ يۈرگەن ئىشتانلىرى بىلەن گالىس-
تۇكلىرىنىڭ ۋەتۆەرىكى چىقىپ كەتتى. ئۇلار مەي-
داندا دېھقانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا،
بالدۇرقىدەك چاقچاقلىشىشقا رايى بارمايدىغان
بولۇپ قالدى. ھېچكىممۇ ئالغان ماللىرىنىڭ قەر-
زىنى تۆلىيەلمىگەچكە، دۇكانلار كەينى ـ كەينىدىن
تاقىلىپ قالدى. ۋەيران بولغان سودا ـ سېتىقچىلار-
نىڭ بەزىلىرى بانكىنىڭ خەير ـ ساخاۋىتىگە تايى-
نىپ، كەلگۈسىدە بىرەر چىقىش يولى چىقىپ
قالارمۇ دېگەن ئۈمىدتە كۈنلىرىنى سىرىقتال ئۆت-
كۈزۈشكە مەجبۇر بولۇشتى. ھېچكىمنىڭمۇ بوران-
چاپقۇن، يامغۇر ـ يېشىننىڭ تەسىرىدە تاملىرىغا
چاك كەتكەن، سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن، ئۆگزى-
سىگە سالغان قاڭالتىرلا ماكچىيىپ دات بېسىپ
كەتكەن ئۆيلىرىنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئېتىبار
بەرگۈدەك رەۋىتى قالمىدى. ئىلگىرى شۇنچە چى-
رايلىق بېزەلگەن رەڭگارەڭ ئۆيلەر مانا ئەمدىلىكتە
قېرىپ تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن قاشاڭ ئاتقا
ئوخشاش تولىمۇ كۆرۈمسىز ھالدا بىر ـ بىرىگە قا-
رىشىپ تۇرىدىغان بولدى. ئىلگىرىكى ئاشۇ
كۆركەم ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى پۈتۈنلەي كاردىن

چىقىپ، بوران ـ چاپقۇن، يامغۇر ـ يېشىنلاردىن پا-
ناھلانغىلى بولمايدىغان، ئۆگزىدىن ئاجراپ كەتكەن
قاڭالتىرلار شامال چىقسا توختىماي لەپەڭشىيدىغان
بولۇپ قالدى. ئۆينىڭ ياغاچ پەلەمپەيلىرى چىرىپ
كەتكەچكە، ئۈستىدە مېڭىش تولىمۇ خەتەرلىك
ئىدى. ئىشىكلەرنىڭ ئۈستىدىكى لەمپىلەر گۇمۇرۇ-
لۇپ، يامغۇر ياغسا ئۇدۇل ئىشىككىلا چۈشىدىغان
بولدى. ئارام ئېلىش كۈنلىرى كىشىلەر ئىلگىرىكى-
دەك بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشمەيدىغان، ئىشى-
كىرىپكىلار كاردىن چىققاچقا، ياشلار بۇرۇنقىدەك
ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغان بولدى.
تېخى نەچچە يىل ئىلگىرىلا بۇ كەنتنىڭ «كې-
رىشى»[①] دەپ نام ئالغان نورۋېگىيەلىك سودىگەرلەر
ئەمدىلىكتە ئىككى قېيا ئوتتۇرىسىدىكى دەريا قىر-
غىقىغا كىچىك دۇكانلارنى ئېچىپ، كۆك تاماكا ۋە
كەمپۈت دېگەندەك ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى
ساتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. كېتەلىگۈدەكلىرى
بۇ يەردىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قېپقالغانلى-
رى بولسا ياز كۈنلىرى يول ياساش ئەمگىكىگە، يا
زىرائەت ئوروش ئىشىغا تۇتۇلۇشقا مەجبۇر بولدى.
ئاياللار ۋە بالىلار قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنى ئوروپ
قولۇم ـ قوشنىلىرى بىلەن بىرلىشىپ باققان سى-
يىرلارغا بېرىشەتتى.
قەھرىتان قىش يېتىپ كەلدى ... بۇنداق چاغ-
لاردا ھەممە كىشى ئۆيلىرىدە جىنچىراغنىڭ يورۇقى-
دا يۈز ـ كۆزىنى كىر باسقان بالىۋاقىسىنى چۆرى-
دەپ ئولتۇرۇپ، قارا بولكا بىلەن سۈيۈق ئۇماچ ئى-
چىشەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى پىرىستانغا نەچچە رەت
قاتراپ، ھاۋانىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى كۆزىتىپ كې-
لەتتى. قەھرىتان قىشنىڭ ئاچچىق شامىلى
ئۇلارنىڭ ئىش قىلمىغىنىغا ئۇزاق بولغان يالىڭاچ
قوللىرىنى نەشتەردەك چاقاتتى. يەرلىك ئەمەلدارلار
دائىم ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇراتتى. ئۇلار
كەلسىلا پۇقرالارنى: «ھۇ، ھاماقەت تىرىكتاپلار، كو-
چىلاردا لاغايلاپ ئۆيۈڭدىن چىقىشماي يۇرگۇچە، مۇ-
شۇنداق بىكار چېغىڭدىن پايدىلىنىپ كىتاب
ئوقۇپ، نەزەر ـ دائىرەڭنى كېڭەيتسەڭ بولمامدۇ»
دەپ تىللاپ دەككىسىنى بېرەتتى. رېيكياۋىكتىكى
داڭلىق ئەربابلار بۇ بېلىقچىلىق كەنتىگە كېلىپ،
سەھنىيە ياكى سىياسىي توغرىسىدا ھەقسىز نۇتۇق
سۆزلەيتتى. ئەمما، پوپلار، شۇ يەرلىك سوتچىلار ۋە
دوختۇرلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ نۇتۇق ئاڭلىغىلى
كەلمەسلىكى ئۇلارنى تولىمۇ ھەيران قالدۇراتتى.
ئۇلار پۈتۈن ئۆمرى قەرز تۆلەش ۋە ئاچارچىلىق
بىلەن ئۆتكەن بۇ بېلىقچىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شېئى-
رىيەت پىرىغا چوقۇنمايدىغانلىقى، دۇنيانىڭ راھىتى-
نى كۆرۈشكە ۋە ئەھمىيەتلىك نۇتۇقلارنى ئاڭلاشقا
ئازراقمۇ قىزىقمايدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيت-
تى. يازىچە تۇتقۇدەك بېلىق چىقمايۋاتسا، ئۇلارنىڭ
دىنغا ئىشىنىش دېگەنلەر بىلەن نېمە كارى بولسۇن
دەيسىز؟
ئۇلار بالىلىرىنىڭ تەربىيەلىنىشىگە ئانچە
ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى. ئۇلار يىلىغا بىردىن
بالا تېپىشاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ بالىغا ئامراقلىقىدىن
ئەمەس ئىدى. بەلكى بۇ يەردە تامامەن باشقا سەۋەبلەر
بار ئىدى.
بالىلارمۇ مانا مۇشۇنداق دېڭىز بويلىرىدا،
كۆكتاتلىقلاردا، تۆت كوچا ئېغىزلىرىدا قېيغىتى-
شىپ ئويناپ يۇرۇپ چوڭ بولاتتى. ئۇلارنىڭ تىلى
ئالدى بىلەن كىشىلەرنى تىللايدىغان ئەپسانە گەپلەر
بىلەن چىقاتتى. ئۇلار ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمەي
تۇرۇپلا ئوغرىلىقنى ئۆگىنىپ بولاتتى. بۇنىڭدىن
ئەپسۇسلانغان يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە پوپلار «جاھان
بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ» دېيىشكە مەجبۇر بولاتتى.
ئەمما، ئۇلار بۇ بالىلارنىڭ ئون ياشقا كىرگەندىن
كېيىن سەت گەپلەر بىلەن ئادەم تىللىمايدىغان بو-
لۇۋاتقانلىقىنى، ئەدەپ ـ قائىدىنى بىلگۈدەك بولغان
چېغىدا بولسا، چوڭلاردىنمۇ ئەدەپلىك بولۇپ كېتى-

① كېرىشى: مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 560 ـــ 546 ـ يىللىرى كىچىك ئاسىيادا ياشىغان «لىكيا پادىشاھلىقى» نىڭ پا-
دىشاھى، ئۇ چەكسىز بايلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان.

دىغانلىقىغا دىققەت قىلمايتتى.

2

ئەمما، بۇ يىل يازدا كۆك بېلىق لىققىدە قاچىلانغان كېمىلەر جىلغىدىن كېچە ـ كۈندۈ توختىماي مېڭىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ بېلىقچىلىق كەنتىدىكىلەر كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ئالدىراش ئىشلەپ كېتىشتى. ئىككى قىيا ئارىسىدا تاڭ ئاتقۇچە ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان موتور ئاۋازى بىلەن پۇل ئۈچۈن كېچىچە كىرپىك قاقماي ئىشلەيدىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ سۈرەن ـ چۇقانلىرى قوشۇلۇپ كەتتى.

ئايالار پىرىستان بويىغا توپلاشتى. ئۇلارنىڭ يېشى بىر ـ بىرىدىن ئانچە چوڭ پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇلار ئۇچىسىغا چاپان ۋە قىسقا پەلتولارنى كىيىۋېلىشقانىدى. چۈنكى، ئۇلار كىيىمنى زامانغا لايىق ۋە يارىشىملىق بولۇش ئۆلچىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا تىكتۈرۈپ كىيەتتى. بېلىقچىلىق كەنتىدىكى ئايالار ئۆيلىرىدىكى ئىش ـ كۈشلىرىنى تاشلاپ ھەممىسى ئاشۇ ئالدىراش ئىش قايىنىمىغا چۆكۈپ كېتەتتى، قۇچىقىدا بالىسى بار ئايالار بالىلىرىنى سەگۈنچەككە سېلىپ قويۇپ، ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىزلار قىزلىق دەۋرىدىكى جىمى گۈزەل ئارمانلىرى مۇجەسسەملەنگەن تويلۇق كىيىملىرىنى تاشلاپ، قېرى قىزلار ئۆزۈن ھېكايىلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتمەي، قەھۋەلىرىنى ئىچىپ بولماي ئولتۇرغان جايىدىن قوپۇپ ئالدىراپ ـ تېنىگىنىچە بېلىق ئادالىغىلى كېلەتتى. كىشىلەر گويا ئاشقىنىڭ يولىغا زارىققاندەك دېڭىزنىڭ بويىدا ئاشۇ كۆك بېلىقنى بىتاقەتلىك بىلەن تولىمۇ ئۇزاق كۈتەتتى. ئۇلار قوللىرىغا چۆمۈچ، گۈرجەكلىرىنى ئېلىشىپ، بۈگۈنكى بۇ ئولجىنى سۈزۈۋېلىشقا تەق بولۇپ تۇراتتى. كەيپى چاغ، ئۇستىبېشى بېلىق قاسراقلىرى بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن كىشىلەر گۈرجەك بىلەن بېلىقلارنى بېلىق تۇڭلىرىغا قاچىلايتتى. ئايالار قىڭراقلىرىنى تۇتۇشۇپ بىر چەتتە تەييار بولۇپ تۇراتتى. كىشىلەر شۇنچىلىك ئالدىراش، شۇنچىلىك خۇشال ئىدى. چۈنكى، بۇ يەر بىلەن خوشلاشقىنىغا ئون يەتتە يىل بولغان بېلىقلار بۇ بېلىقچىلىق كەنتىگە يەنە قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى.

بازاردىكىلەرمۇ مۇشۇ ئىشتىن ئۆزگىنى ئويلىمايتتى. ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ ئىدى. توغرىراقى ھەرقانداق گەپ ـ سۆز، ئوي ـ خىياللار مۇشۇ ئىشتىن نېرى كېتەلمەيتتى. كۆك بېلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدە كلونداىك ئالتۇنى بىلەن باراۋەر ئىدى. ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىدا، كوچا ـ كوچىلاردا، دەريا بويلىرىدا، ئىشقىلىپ ھەممىلا يەردە مۇشۇ پاراڭ ئىدى. ھەتتا پوپ، دوختۇر ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ مۇشۇ گەپنى، يەنى كۆك بېلىقنىڭ پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى بولغان بۇ ئىشنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان بولدى. تېخى تۈپتوغرا ئىككى ھەپتە ئىلگىرىلا بۇ كىچىككىنە بېلىقچىلىق كەنتىنى ئاھۇزار، قارغىش قاپلىغان، كىشىلەر ئاشۇ ئاھۇزار، قارغىش ئىچىدە ئون يەتتە يىلنى ئۆتكۈزگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، بانكىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، نەچچە كۈن ئىچىدىلا دېڭىزدىن بىر مىليون كىرونا قىممىتىدىكى بايلىق سۈزۈۋېلىنىپتۇ. ئىككى ھەپتە ئىلگىرىلا بىر بېلىقچى ئۆزىنىڭ كىچىككىنە سۈت فېرمىسىدا تۇرۇپ ئېچىنىشلىق نالە قىلغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ فېرمىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇقدىلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئازراقلا قالغان ئوت ـ چۆپنىڭ قېيىنئىنىسى بىلەن شېرىكلىشىپ باققان سىيىرىنى بېقىشقا يېتىش ـ يەتمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، چېركاۋدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە كۆك بېلىقنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بۇنداق قىيىن ۋەزىيەتمۇ ئوڭشالدى. ئىككى جىلغا ئارىسىدىكى بۇ دەريا ئەمدى ئالسا تۈگىمەيدىغان خەزىنىگە ئايلاندى. بېلىقچىلار تاپقان پۇللىرى بىلەن قەرزلىرىنى تۆلىۋالدى. ھەتتا مىلاد بايرىمىغا ئاتاپ مەي ـ

شاراب سىپتىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردى. بۇمۇ ئەلۋەتتە بېلىقنى جىق تۇتۇش ـ تۇتماسلىق بىلەن باغلىق ئىدى. بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىلىك كۆپ ئىشلار يۈز بەردىكى، ئەگەر مۇشۇ ئىشلارنى تەسۋىرلەپ يازىدىغان بولسا، گەپ يوق بىر رومان پۈتەتتى.

كەمبەغەللەر باي بولدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرى گويا بىر مەزگىللىك كەيپچىلىككە ئوخشاش ئۇزاققا بارمىدى. سودىگەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىمۇ ئۇششاق بالىلارنىڭ ئويۇنچۇق تاپانچىسىنى ئېتىپ ئوينىغىنىغا ئوخشاش تولىمۇ تۇيۇقسىز يۈز بەردى. بەستىدىن كۈچ تېمىپ تۇرىدىغان قاۋۇل يىگىتلەر جېنى بىلەن ھېسابلاشماستىن ئارام ئالماي ئىشلەۋەرگەچكە، زىيادە چارچاش تۈپەيلى گەپ ـ سۆز قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي بېلىق دۆۋىسىدىلا جان بەردى. كەنتتىكى نى ـ نى تەمبەل كىشىلەر ھەددىدىن زىيادە چارچاش ۋە ئۇيقۇسىزلىق سەۋەبىدىن ئەقلىدىن ئادىشىپ، بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا ئالدىراش مېڭىپ يۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ دېرىزىسىنى چېكىدىغان، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى ئەپسانە گەپلەر بىلەن تىللاپ، ئېتىلىدىغان بولۇپ قالدى. جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان بىمارلار كارىۋاتتىن چاچراپ تۇرۇپ، دورىلارنى دوختۇرلارنىڭ بېشىغا ئاتىدىغان، تور يېيىپ بېلىق تۇتىمەن دەپ ئالدىراپ ـ تېنىگىنىچە دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا مۇنداق ئىشلار يۈز بەردى: تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان بىر ئايالنى بېلىق ئادالاۋاتقاندا تولغاق تۇتۇپ كەتتى، كىشىلەر ئۇنى تولىمۇ تەسلىكتە ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشتى. ئەمما، ئۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھايال ئۆتمەيلا يەنە بېلىق ئادالىغىلى كەلدى. بۇ چاغدا بىر توپ سىيىر كۆكتاتلىقتا ئوتلاپ يۈرەتتى، شۇ تاپتا يېلىنى سۈت بىلەن توشۇپ چىڭقىلىپ كەتكەن بۇ سىيىرلار كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى بىر سېغىۋېلىشىغا تولىمۇ موھتاج ئىدى. ئۇلار ياڭيۇلۇقنى رەھىمسىزلەرچە دەسسەپ ـ چەيلەشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن بىر يىگىت دەريا بويىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ قولىدىكى يوغان كالتەك بىلەن دېۋەيلەپ ئۇلارنى ياڭيۇلۇقتىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى.

3

بېلىق تۇتۇشقا بىر ئېڭىشىپ، بىر ئۆرە بولۇپ ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە بىر ئايالنىڭ بېلى باشقىلارنىڭكىدىنمۇ بەكرەك مۈكچىيىپ كەتكەنىدى. كۆك بېلىق ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئىشلەپ كېتىشى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى كادار ئىدى. ئۇ ئۇچىنىسىغا يىرتىلىپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن ئەرەنچە چاپان كىيىۋالغانىدى. ئۇچىسىدىكى ئۆڭۈپ كەتكەن چاپان كىشىگە ئىچىگە بېلىقنىڭ ئىچ ـ قارنى قاچىلىنىپ دەريا بويىغا قويۇپ قويۇلغىنىغا تولىمۇ ئۇزاق بولغان كېرەكسىز تاغارنى ئەسلىتەتتى. ئۇ بويىنىغا بىر پارچە قوڭۇر لاتا يۆگىۋالغان، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان پۇتىغا خورۇم ئاياغ كىيىۋالغانىدى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئاياغنىڭ خورۇم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭغا يېقىن كەلگەن ئادەم چىشلىرى چۈشۈپ ماكىلداپ قالغان، يۈزلىرىنى يول ـ يول قورۇق باسقان، كۆزلىرى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن، ھارغىن بىر چىرايىنى كۆرەتتى. ئۇنىڭ چوكىدەك ئورۇق، جانسىز، قاداق باسقان قوللىرى ئىككى پارچە كونا لاتىغا ئوخشايتتى. مۇشۇ قوللارنىڭ پىچاق تۇتالايدىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما، ئاشۇ قوللار ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن تارتىپ مۇشۇ كەمگىچە بۇ يەردە بېلىق ئادالىدى. توقسان ياشقا كىرگەن بۇ موماي تورغاي چۈچۈلىماستا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇشۇ يەردە توپتوغرا بىر كۈن كالىدەك ئىشلىدى. ئۇ بۇ پۈتۈن بىر كۈن ئىچىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئادالىغان بېلىقى ئۈچ تۇڭدىن ئاشمىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىش ھەققىگە ئاران ئىككى كىرونا يىگىرمە بەش ئېۋىرپۇل كېلەتتى. بىچارە مومايىنىڭ ئىشلىگىنىنىغۇ قويۇپ تۇ-

رايلى، ئۇ شۇنچە ياشىغىنىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، بىر كىشىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۇنچىلىك مۇكاپاتقا نائىل بولالمىدى.

موماي ياش ۋاقتىدا كۈنىگە قىرىق تۇڭ كۆك بېلىق ئادالايتتى. شۇ چاغدا مۇكاپاتمۇ ئالغان، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، بېلىقلارنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ئىش بېشى بۇرۇن كەنتتە ئېيتىلىپ يۈرىدىغان مۇنۇ ناخشىنى يادىغا ئالدى:

ئەي كادارىم. ھېچكىم ساڭا تەڭ كېلەلمەس،
ئادالىغان بېلىقىڭنىڭ سانىسىمۇ سانى چىقماس.

بىر چاغلاردا ھەر يەكشەنبە كۈنى كەنتتە بۇ ناخشا ياڭرايتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، كادار دېگەن بۇ مومايىنىڭ ئىلگىرى مۇكاپاتلانغانلىقى، «كىت شىركىتى» دە ئىشلىگەن چاغلىرى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ «كىت شىركىتى» دە ئىشلىگەن چاغلىرىدا ئىشنى بەك تېز قىلاتتى.

ئىلگىرى ئۇنىڭ باللىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلسا بىر ئۆي توشاتتى. بىر گەپنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەيلى، ئادەتتە بېلىقچىلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارى خۇددى ئۆزلىرى ھەمىشە ھەپىلىشىدىغان ئاشۇ بېلىقلارنىڭكىگە ئوخشاش تولىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. موماي قېرىغاندا ئۆمرىنى بىر ئوغلىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ بۇ ئوغلى پۈتۈن بېلىقچىلىق كەنتى بويىنچە ئەڭ نامرات بېلىقچى ئىدى. موماي شۇنچە يىللاردىن بېرى كۆك بېلىقنىڭ كېلىشىنى تولىمۇ زارىقىپ كۈتتى. مانا ئەمدى كۆك بېلىقمۇ پەيدا بولدى.

ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن نەۋرە يۈزى كۆردى. ئەمما، ئاشۇ نەۋرىلىرىنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرمىدى. نەۋرىلەر گويا ئاسماندا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇلۇتلار بىر مەزگىللىك يامغۇردىن كېيىن تاراپ كەتكىنىگە ئوخشاش ئۇنىڭ يېنىدىن يىتتى. ئۇنىڭ ئىنگۈلداردا چېركاۋنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىپ جان باقىدىغان بىر دوستى بولىدىغان، ئىلگىرى ئۇلار «كىت شىركىتى» دە بىللە ئىشلەيتتى. بىر-بىرىنى تاشلىۋەتمەي پات-پات ئىزدىشىپ يۈرەتتى. بىللە بولۇپ قالغان چاغلىرىدا قەھۋە ئىچىشكەچ كىت توغرىسىدا پاراڭغا چۈشەتتى. كېيىن ئۇلار ئۆيمۇئۆي دوقۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان دىۋانىگە ئايلىنىپ قالدى. دوستى ھەر يىلى ئىنگۈلداردىن ئۇنىڭغا بىر تۈگكىلەك يۇڭ يىپ ئەۋەتىپ تۇردى. كادار بولسا، بۇ يىپلاردىن پەلەي توقۇپ بېلىقچىلارغا بىرنەچچە ئېۋرىغا ساتاتتى-دە، پۇلىنى ئوغلىغا ساقلىغىلى بېرەتتى. ئەگەر كەنتتىن بىرەر كىشى ئىنگۈلدارغا بارىدىغان بولۇپ قالسا، ئۇ ئەسكى لاتىغا ئازراق قەھۋە چىگىپ، كونا دوستىغا ئالغاچ كېتىشكە ھاۋالە قىلاتتى. ئۇنىڭ دوستى ئىنگۈلداردا ئالەمدىن ئۆتكەندى.

كادار شۇ تاپتا مۇكچەيگەن پېتى كۆك بېلىق قاچىلانغان تۇڭنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ ئۇزاق ئۆمرىدە بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ھاياتىنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تويغۇچە تېتىغان بۇ موماي يامغۇرلۇق كۈننىڭ تەمىنى تېتىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قاچان، نەدە تۇغۇلغانلىقىنى، ئاتا-ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پوپتىن ئۆزگە ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى چوڭ-كىچىك ئىشلار ئاشۇ كۆك بېلىققا ئوخشاش ئۈن-تىنسىزلا قولدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەتتا ياش ۋاقتىدىكى مەشۇقلىرىنىمۇ ئەسلىيەلمەيتتى. پەقەت «كىت شىركىتى» دە ئېرى بىلەن بىللە ئىشلىگەنلىكىنىلا خىرە-شىرە ئەسلىيەلەيتتى. ئۇلارنىڭ دەرياغا يانداپ سېلىنغان بىر ئۆيى بار ئىدى. ئۇ بالا تۇغقان، نۇرغۇن باللارنى تۇغۇپ مىڭبىر جاپادا قاتارغا قوشقانىدى. ئەمما، باللىرىنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆمرىدە ھېچقانداق خوۋلۇق كۆرمىدى، ئەمما ئەزەلدىن كۈنلىرىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈش تەمەسىدە بولۇپ باقمىغان، بەختلىك كۈنلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ ئەزەلدىن

تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. دەريادا كىت پەيدا بولسىلا، كۆك بېلىق دەريادىن يىتمىسىلا، شۇنىڭغا شۈكۈر قىلاتتى. دەريادا كىتنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى، ئەمدى تۇرمۇشتىكى جىمى بەخت ئاشۇ كۆك بېلىققا باغلىق بولۇپ قالدى. ئۇ تۇرمۇشى سەل باياشات چاغلاردا بىر ئىستاكان قەھۋەگە ئازراق سۈت قوشۇپلا ئىچىۋالاتتى. ئۇ ئەزەلدىن چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئەمدى مۇشۇ ياشقا كىرىپمۇ، يەنە يېمەك - ئىچمەكنى تېجەپ يۈرۈشىنىڭ هاجىتى يوق ئىدى.

ئەرلەر كۈنى سەل ياخشىلانغان چاغلاردا پات - پات هاراق ئىچىۋېلىپ، غەرق مەست بولۇشۇپ يۈرۈشەتتى. بۇ ئەلۋەتتە بېلىقنى جىق تۇتۇش - تۇتماسلىققا باغلىق ئىدى. ئەمما، كادار ئەزەلدىن هاراق ئىچىپ كۆنمىگەچكە، ئەرلەرنىڭ قۇسۇقلىرىنى تازىلاشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەسلىمىلەرنىڭ هەممىسىنى تولىمۇ ئاچچىق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۆمرى تۈگىمەس دەتالاش ۋە قىلچىمۇ ئەهمىيىتى بولمىغان سىرلىق هاقارەتلەشلەر بىلەن تولغانىدى. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، هەممىسى هەدېسىلا ئادەم تىللايتتى. ئەمما كىشىنى ئەڭ چىدىغۇسىز، سېسىق گەپ بىلەن تىللايدىغىنى، يەنىلا ئاشۇ كېرەكسىز نەرسىلەرنى تەكشۈرگۈچى بىلەن ئىش بېشى ئىدى. سودا - سېتىقچىلار، پوپلار ۋە ئوقۇتۇش رايونىدىكى ئاقساقاللاردىن تارتىپ هەممىسى ئادەم تىللايتتى. موماي ئەمدى خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ ئىككىلا قۇلىقىنى پاك قىلىپ قويغانلىقىغا، ئاشۇ تۈگىمەس تىل - دەشناملارنى ئەمدى هەرگىز ئاڭلىمايدىغانلىقىغا رەهمەت ئېيتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە تىل - هاقارەتتىن باشقا نېمە ئاڭلىدى دەيسىز؟ ئوغۇللىرىنىڭ بەزىلىرى دېڭىزدا، بەزىلىرى قۇرۇقلۇقتا ئىشلەيتتى. بەزىلىرىنىڭ قەيەردە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. قىزلىرىنىڭ ئەهۋالىمۇ شۇنداق ئىدى. ئېرى بۇنىڭدىن ئەللىك يىل مۇقەددەم تويۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتتى. هېچكىممۇ ئۇنىڭغا ئالاهىدە تەزىيە بىلدۈرمىدى. مۇراسىم قائىدىسى بو-يىچە ئۇنى كۆمۈپ قويۇشتى. پوپلار ئالىدىغان قەرزىدىن ۋاز كېچىشتى. سودىگەرلەرمۇ شۇنداق قىلدى. كادار قەرزىنىڭ ئاللىبۇرۇن تۈگىگەنلىكىنى بىلەتتى. بۈگۈن سەهەر دەريادا بېلىقنىڭ پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، باشقىلارغا ئوخشاش ئىشلەپ پۇل تېپىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدى.

## 4

ئەتراپقا گۆگۈم پەردىسى يېيىلىشى بىلەن تەڭ پىرىستاننىڭ چىراغلىرىمۇ يورۇپ كەتتى. ئاياللار تېخىچە كۆك بېلىق قاچىلانغان تۇڭنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇلار دەم ئېگىلىپ، دەم ئۆرە بولۇپ تىنىماي ئىشلەيتتى. چىراغنىڭ يورۇقىدا كۆك بېلىق تېخىمۇ پارقىراق كۆرۈنەتتى. يامغۇر دۆۋىلەپ قويۇلغان بېلىقلارنىڭ ئۈستىگە يېغىپمۇ ئۆلگۈردى.

ئەڭ ئاخىرقى بىر بېلىقچىلىق كېمىسى قىرغاققا يېقىنلاشتى، ئەمدى تاڭ ئاتماي تۇرۇپ هېچكىممۇ دېڭىزغا چىقمايتتى. ئەمما، ئاياللار كېيىنكى قېتىمقى بېلىق كېلىپ بولغۇچە، بۇ بېلىقلارنى ئادالاپ بولۇش ئۈچۈن هەممىنى ئۇنتۇغان هالدا ئىشلىمەكتە ئىدى.

يۈزىنى قويۇق ساقال باسقان بىر ئەر قىرغاققا چىقتى - دە، مومايىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ:

— ئانا ئۆيگە قايتايلى، — دېدى.

بۇ گەپ مومايىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئەر گېپىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ئەمما، موماي يەنە ئازراق بېلىق ئادالاش ئۈچۈن بىر بېلىق دۆۋىسىنىڭ يېنىغا كەتتى.

— ئانا، ئۆيگە قايتايلى، هەي ئانا، يېرىم كېچە بولاي دەپ قالدى. يەردە چىڭ دەسسەپ تۇرالماي قېلىۋاتقىنىڭنى بىلمىدىڭمۇ؟!

موماي تىل - ئاهانەتكە پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ كەتكەچكە، بېلىقنى ئادالاۋەردى.

— گېپىمنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ يا ماۋۇ قېرى! — ئەر غودۇرىغىنىچە قاتتىق تۇۋلىدى،

— بولدى، ھەي يالاڭ تۆش دەللە! پۈتۈڭنىڭ مادارى بار ۋاقتىدا ئاستا ئۆيگە بېرىۋالساڭ بولامدىكىن!

ئەر مومايىنىڭ گېپىنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىغىنىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدى-دە، ئانىسىنىڭ چوكىدەك قوللىرىدىن پىچاقنى تارتىۋالدى، موماي ئەنە شۇندىلا ئۇنىڭغا بۇرۇلدى. ئوغلىغا گەپ تەسىر قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان موماي گۇنسىز كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ گويا كىچىك بالىنىڭ كەپسىزلىكىدىن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغاندەك جايىدا تۇرۇپلا قالدى ۋە ئاخىر كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— پىچاقنى ئەكەل، شىگۇ ريان! — دېدى.

— غەرىزىڭ زادى نېمە، ئانا؟ — دېدى شىگۇ ۋە ئانىسىنى تارتىپ ماڭدى.

موماي بار كۈچى بىلەن تۇڭغا ئېسىلىپ تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. تۇڭ ئۆرۈلۈپ دومىلاپ كەتتى.

— جېنىڭنىڭ بار ۋاقتىدا ئۆيگە بېرىپ كارىۋىتىڭغا چىقىۋالساڭ بولارمىكىن؟ ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ قېرى گالۋاڭنى! توقسان ياشقا كىرىپ قالغىنىڭنى بىلمەمسەن! مۇشۇ تۇرقۇڭدا كارىۋاتتا يېتىپ-قوپۇشمۇ ئاسان ئەمەس ساڭا! كېلە، سېنى يۆلىۋالاي!

موماي ماڭغىلى ئۇنىماي غودۇڭشىدى:

— تازا بىر ئەدىپىڭنى يېگۈدەك كەپتۇ-دە، سېنىڭ، ھۇ بەڭباش! پىچاقنى قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان بولساڭ تاياق يەيسەن! ئاڭلىدىڭمۇ؟

ئوغلى پەرۋا قىلماستىن ئانىسىنى دەريا بويىدىن سۆرەپ ماڭدى. تىرەجەۋېرىپ ماغدۇرى قالمىغان موماي ئوغلىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— سەل تەخىر قىلغىن، شىگۇ ريان، گېپىمنى ئاڭلا، ئوغلۇم! پىچاقنى قايتۇرۇپ بەر! بۈگۈن بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ، كۆك بېلىق كەلدى ئەمەسمۇ ...

ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ ئوغلىنىڭ قولىدىن بوشىنىۋالدى، ئەمما قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، يۆتىلىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بىر ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى گويا دۆڭدىن پەسكە چۈشۈۋاتقان ماشىنىدىن چىققان ئاۋازغا ئوخشاپ كەتتى.

— بەك چارچاپ كېتىپسەن، ئانا، — دېدى شىگۇ مۇلايىملىق بىلەن، — كېلە، مەن سېنى يۆلەپ ماڭاي.

موماي ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىق تۇڭى قويۇلغان دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئالدىنى توسۇۋالغان ئادەم مۇبادا ئېگىز ئوغلى بولمىغىنىدا ئۇ خۇددى بەڭباش قويىدەك ئۆزى بىلگەن ياققا كېتىۋەرگەن بولاتتى.

ئوغلىغا ئارا تۇرۇپ بولالمايدىغانلىقىنى بىلگەن موماي:

— ئىشىڭنى قىلە! — دەپ چالۋاقىدى.

ئوغلى بىر ئېغىزمۇ گەپ ياندۇرماستىن ئانىسىنى ئالدىغا سېلىپ ئۆيگە ماڭدى. موماي مۈكچەيگىنىچە ئۇششاق قەدەملىرى بىلەن دەريا قىرغىقىنى بويلاپ ماڭدى. پوسمىسى بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. يول بويى بىرنەرسىلەرنى غودۇراپ ماڭدى. مەيدىسىدىن چىقىۋاتقان غىژ-غىژ ئاۋاز پەسلىگەندىن كېيىن، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ يەنە قەدىمىنى توختىتىپ ئوغلىغا بۇرۇلدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

— خۇدا سېنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدۇ، شىگۇ ريان! — دېدى.

توقسان ياشلىق بۇ موماي قەلبىدىكى جىمى دەردىنى ئۈمىدسىزلىككە تولغان مۇشۇ ئايانچلىق ئىندا بىلەن بىراقلا چىقىرىۋالغاندەك قىلاتتى.

ئوغلى مومايىنىڭ ئىنداسىغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمىدى. كۆڭلى بۇزۇلغان موماي تۆكۈلۈپلا كەتتى ۋە يامغۇرلۇق كېچىدە پۈتلىرىنى ئاران سۆرىگىنىچە بازاردىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاچچىق يىغىسى بالىلارنىڭ يىغىسىدەك ھەم جاراڭلىق، ھەم يۈرەكنى ئەزگۈدەك چىقاتتى.

(خەنزۇچە «نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن)

# خالىيدا ئۇچرىشىش

نەجىپ مەھفۇز (مىسىر)

ئوسمانجان مۇھەممەت تەرجىمىسى

ئاخشامنى بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ بەختلىك چاغ دېيىشكە بولىدۇ. ئىغىر ـ يېنىك ئۆي ئىشلىرى تۈگەيدۇ، ئۆي سەرەمجانلىرى ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك جاي ـ جايىغا قويۇلىدۇ، ھەتتا ئاشخانىمۇ رەتلىك، پاكىز، چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ.

ئايال خىزمەتكار ئۇخلاش ئۇچۇن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەمدى باشقا ئىش يوق، ئۇ مەمنۇن بولغان ھالدا رادىيونىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە بەھۇزۇر ئارام ئالالايتتى. قىزى لالە تېخى ئۇخلىمىغان، ئۇ تۈزۈك ئۇخلىمايتتى؛ ئويناپ ھارمايتتى، بىر ئاز بەڭباش ئىدى. شۇ تاپتا ئىبرى نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇماق لالە ئاپىسىنىڭ بۇلارنى ئويلىشىغا ئىمكان بەرمەيتتى. ئۇ دائىم تۇيۇقسىزلا ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ باغرىغا ئاتاتتى ـ دە، ئىككىيلەن ھەشقىپىچەكتەك گىرەلىشىپ كېتەتتى. ھەرقانداق ئەركىلىتىشلەرمۇ ئۇچ ياشلىق بۇ سەبىي بالىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالمايتتى. ئۇ كىچىكلىكىگە قارىماي، تولىمۇ شوخ ئىدى. ئەگەر يېقىندا ئۇنىڭ دادىسىدا ئۆزگىرىش بولمىغان بولسا، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك بالا ئىدى. ئانا لالەنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئىتتىلىپ كېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، قىزىغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى.

قىزنىڭ دادىسى ئۆزىنى كىرىپسلوغا تاشلاپ ئولتۇراتتى. بىردەم تورۇسقا قارىسا، بىردەم شىرەنىڭ ئۈستىدىكى رادىيوغا قاراپ قوياتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇ ئۆيدىكىلىرى بىلەن بىللە بولسىلا ئوي ـ خىياللىرىنى بىر يەرگە يىغالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تىجارەت بىلەن سىرتقا چىققاندا، ئۆزىنى ئاياللارغا ئۆيدىكىلىرىدىن يېقىنراق سېزەتتى. ئۇنىڭدا نېمە ئۆزگىرىشلەر بولدى، يېقىندىن بۇيان نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟ ئايالى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتى، ئۇنىڭ ئارام ئالمىغىنىغا ئۇزاق زامان بولغانىدى. قاچاندىن باشلاپ ئارام ئالمىغاندۇ؟ تووا، ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، مىنۇت، سېكۇنتلاپ ھېسابلايدىغان بولسا تولىمۇ ئۇزاق تۇيۇلايتتى. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى، ئادەمنىڭ روھى گۇمران بولۇپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئولتۇرغىنى ئولتۇرغانىدى، ئايالىغا گەپ قىلمايتتى، قىزى لالەنىمۇ ئەركىلەتمەيتتى، لېكىن ھاراق ئىچەتتى، ھەر كۈنى ئاخشىمى توختىماي ئىچەتتى. يەنە تېخى كەينىدىن ـ كەينىدىن تاماكا چېكەتتى، قويۇق ئىسلار بېشىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇ بەك قورقۇنچلۇق، ئۇچىغا چىققان يولسىزلىق ئىدى! كىشىگە تېخىمۇ ئەلەم قىلىدىغىنى، ئايالى ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىدا ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقماي، كۆڭلىنى ئۇتتۇشقا ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇ ئىبرىمىدى.

ھۆرمەتكە سازاۋەر ئېلېكتىر سايمانلىرى مۇتەخەسسىسى، سېتىش ۋە رېمونت قىلىش دۇكىنىنىڭ بۇ غوجايىنى، توي قىلغاندىن كېيىنكى ئاشۇ بىرقانچە يىل ھەر كۈنى ئاخشىمى دېگۈدەك «پادىشاھ قەھۋەخانىسى» غا بېرىپ، بىر ـ ئىككى سائەت تىكتاك توپ ئوينايتتى، قايتىشىدا ئايالى ۋە بالىسىغا كەمپۈت ۋە مېۋە ـ چېۋە ئالغاچ كېلەتتى. ھەممىيلەن چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ بۇ كىچىك زىياپەتتىن تەڭ بەھرىلىنەتتى، ئۆي مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە شادلىق كەيپىياتىغا چۆمەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قىسقا مەزگىللىك، بەختلىك ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ چاغدا ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايتتى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىگە باراتتى، يا كىنوخانىغا بېرىپ كۆڭۈللۈك ئاخشامنى ئۆتكۈزۈپ كېلەتتى. ئۆيگە قايتىپ

كېلىپ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىگە باھا بېرەتتى، مۇھاكىمە قىلاتتى، شاد ـ خۇراملىق ۋە جۇشقۇن كەيپىياتقا چۆمەتتى. بەزىدە ئوتتۇرىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەندىمۇ، كارايىتى چاغلىق ئىدى. تاڭ قۇياشىنىڭ تۇنجى نۇرلىرى چۇشۇشى بىلەنلا، ھەممە خاپىلىق تارقاپ كېتەتتى. تۇۋا، بۇلار ئۆتمۇشكە ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ دادىسى دۇچار بولغان كۆلپەتلەرنى، بەختسىزلىكلەرنى ۋە دىشۋارچىلىقلارنى تېتىپ كۆرمىگەن قىزچاقمۇ ئۇنىڭدىن تېزلا يىراقلىشىشقا باشلىدى. چۈنكى، دادىسى قىزىنىڭ سوئاللىرىغا سوغۇق جاۋاب بېرەتتى، ئۇنى سۆيگەن ياكى ئەركىلەتكەن چاغدىمۇ ئىچىدىن قايناپ چىقمايتتى. ھەتتا قىز شىرەدىكى ئىستاكاننى ئالماقچى بولۇپ ئۆرۈۋەتسىمۇ ئاچچىقلانمايتتى، پەرۋا قىلمايتتى!

— قەدىرلىكىم، نېمىشقا بۇنداق ئىچپۇشۇرىدىغانسىز، جېنىم؟ — دەپ سورىدى ئايالى.

ئۇ ئايالىغا دوق قىلغان ھالدا:

— بۇنىڭ نېمە زىيىنى بولسۇن! — دېدى.

— بىراق ئۇ زىيانلىق نەرسىغۇ!

— خەقنىڭ يوقىلاڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەڭ، — دېدى ئۇ ئايالىنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، ئاندىن كۈلۈپ قويدى، — مەن سىرتتا يۇرۇشتىن جاق تويدۇم، خوتۇنۇم، قىزىم بىلەن بىللە بولسام نېمىدېگەن ياخشى!

— ئەمما، بىز بىلەن بىللە بولسىڭىز، ئىچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەنسىز.

— قانغۇدەك ئىچسەم كۆڭلۈم ئارام تاپىدىكەن!

ئۇ ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئايالى ئۇنىڭغا قېلىپ كۆزى بىلەن قارايتتى، كۆڭلى يېرىم بولاتتى.

— سىزنى قانداق ئىش غەمگە سېلىۋاتىدۇ؟

— خىزمىتىمدىكى ئاۋارىچىلىكلەر بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى ۋەيران قىلىۋېتىشىنى خالىمايمەن...

ھەر قېتىم مۇشۇنداق پاراڭ بولاتتى. ئايالى قالغان ۋاقىتتا ئىچى پۇشۇپ تەڭلا قىينىلاتتى. لېكىن، بىرەر ئامال ـ چارە تاپالمايتتى. ئېرى يوچۇن نەزەر بىلەن لالەگە تىكىلەتتى، ھېچقانداق يېقىنچىلىق يوق ئىدى. بۇ كۆزلەردىن قىزنى سۆيمەكچى، باغرىغا باسماقچى بولۇۋاتقانلىقى، يەنە تۇرۇپلا يالتىيىپ قېلىۋاتقىنىنى چىقىپ تۇراتتى. بۇنىسى ئايالىنى قانداقمۇ ساراسىمىگە سالمىسۇن!

— بۇرۇنقىدەك ۋاقتىدا ئۇخلىسىڭىز، قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە؟

— نېمىشقا ئۇخلىغۇدەكمەن؟

ئايالى ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى، ئۇنىڭغا شۈبھىلىك قاراپ ئېيتتى:

— مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟

— خۇدا ساقلىسۇن ...

— راستىنى دېسەم، مېنى بەكلا قىيناۋاتىسىز جۇمۇ ...

— سىزنى قىيىنىسام، خۇدا مېنى كەچۈرمەيدۇ!

ئايالى ناز بىلەن ئېرىنىڭ مەڭزىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى:

— ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەكمۇ؟

— ھەئە.

— سىزنى پەرىشان قىلىۋاتقان ئىش يوقتۇ؟

— ھەرگىز يوق ... بىكاردىن ـ بىكار ئەندىشە قىلىپ يۈرمەڭ، كېيىسىپ ئېيتالايمەنكى، تۇرمۇشىمىزدا كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ھېچقانداق ئىش يوق. قاراڭ، بەختلىك بۇ ئۆيدە راھەتلىنىپ ئولتۇرىمەن، ئانچە ـ مۇنچە ئىچىپ قويىمەن، بەزىدە گېزىت كۆرىمەن. بۇنىڭ ئەنسىرىگۈدەك نېمىسى بار؟

راستىنى ئېيتقاندا، گېزىت ـ ژۇرنال كۆرۈش ئۇنىڭ ھەۋىسى ئەمەس ئىدى. ئۇ گېزىتنى قولىغا ئالاتتى ـ دە، ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ ـ چۆرۈپلا، لالەگە تاشلاپ بېرەتتى. ئەمما، ھازىر كىتاب كۆرەتتى. قانداق كىتابلارنى كۆرەتتى؟ ئالتىنچى سەزگۈ ئەزاسى دەمدۇ، روھىيەت ھېكايىلىرى دەمدۇ، ئىشقىلىپ ھەممىسى دېگۈدەك ئاشۇنداق كىتابلار ئىدى.

— سىز رەمبال بىۋاي بولۇشنى خىيال قىلامسىز؟

— سىز مۇشۇنداق ئويلامسىز؟

— مەن بۇلارنى دىنىي كىتابلاردىن كۆرگەن.

— بۇ گېپىڭىز جايىدا ...

— سىز ئۇ كىتابلارنى نېمىشقا ئوقۇيسىز؟

— چۈنكى، مەن كىتابخۇمار ھەم ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن.

ئايال ئۆزىنى خىياللىرىنىڭ قىپقىزىل بىمەنىلىك ئىكەنلىكىگە كۆپ قېتىم ئىشەندۈرمەكچى بولغان، ۋاقىتىنچە بۇنداق يوشۇرۇن يىرىڭلىق ئۆسمىنى كۆرمەسكە سېلىشقا تىرىشقانىدى.

— ئېيتىڭا، سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟

— ناھايىتى ياخشى!

— خىزمىتىڭىزچۇ؟ مەندىن يوشۇرماڭ. مەن دېگەن تۇرمۇشىڭىزدىكى ھەمراھىڭىز!

— خىزمىتىم ھازىرقىدىنمۇ ياخشى بولمايدۇ!

— ھەي! يۈرەك سىرىڭىزنى قانداق قىلسام بىلەلەرمەن؟

ئېرى ئىلگىرىكى ئاشۇ تىنچ، بەختلىك كېچىلەردىكىگە ئوخشاش ئايالىنىڭ مەڭزىگە يېنىك ئۆرۈپ قويدى، ئۇنى سۆيدى. بۇ مەنزىرە ئۆتمۈشتىكىدىن كۆپ پەرق قىلاتتى. ئۇ ئۇستىلىق قىلىۋاتاتتى.

— سىزدە ھېچقانداق يېڭى تۇيغۇ يوقمۇ؟

— سەل چارچاپ قالغاندەك تۇيغۇ بار.

— ساياھەتكە چىقامسىز؟ بىر ھەپتە بولسىمۇ مەيلى.

— بۇ سىز ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر بولسىمۇ، ھازىرچە ئۇنداق ئالدىراپ كېتىش ھاجەتسىز ...

ئايال ئەينەكتىن ئېرىنىڭ بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالغانلىقىنى تاسادىپىيلا كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى رىيائىللىقنى ئېتىراپ قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك ئىدى. يۈرىكى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىزھارىغا تەشنا. ئايالى ئۇنىڭ ئۆزى دېگىنى ياخشى دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. ئېرىنىڭ لاسىدە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايالىنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى.

— ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەندە چوقۇم بويتاق ۋاقتىڭىزدىكىدەك روھلۇق بولۇپ كېتىسىز ھەرقاچان!

— مەنمۇ؟!

— مۇھەببەتلەشمىگەن، جورا تاپمىغان چاغدىكىگە ئوخشاش. ھازىر سىز يالغۇز ياشاۋاتىسىز، مەن ئازابتىن ئۆلەيلا دەپ قالدىم.

— ئادەم بەزىدە جاپا چېكىپ قالىدۇغۇ؟

— ھە دېسىلا ئۆزىنى ھاراقتا ئۇرىدىغان، قالايمىقان كىتابلارنى ئوقۇپ يۈرىدىغان ئادەمنى ئەر دېگىلى بولامدۇ؟

— ھاراقچۇ، كىشىلەر ئېيتقاندەك روھىي ئېچىملىك!

— مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىمەنىلىك، نومۇسسىزلىق، ئەخمەقلىق!

— ئۆزىڭىزنىڭ بىھۇدە خىياللارغا بەند بولۇپ كەتكىنىڭىزنى بىلگىنىڭىزدە، بۇ ئىشىڭىزغا كۈلمەي قالمايسىز.

— يۈرىكىم مېنى ھەرگىز ئالدىمايدۇ!

«ئۇ نېمىدېگەن سەمىمىي، — دېدى ئەر ئىچىدە، — ئۇنىڭ گەپلىرى ئاشۇ سەمىمىي يۈرەكتىن چىققان. ئۇ ھەقىقىي قورقۇپ كەتكەن يۈرەك، بۇ يۈرەك غايەت زور ئازابىنىڭ ئاغرىقىغا چىداشلىق بېرىپ، مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى دەپ ئىزتىراپ چېكىۋاتىدۇ. بۇ يۈرەك ئۆزىنىڭ ۋە مېنىڭ ئازابىمغا چىداۋاتىدۇ.»

ئىلگىرى، ئۇ ئۈچ تەندىن تۈزۈلگەن «بەختلىك ئورۇن» نىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىماي، ئۆيىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتەلىگەن، قاۋاقخانىلاردا قانغۇدەك ئىچەلىگەن بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتقىنى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ۋاھالەنكى، ھازىر ئاشۇ كۈچلۈك مۇھەببەت، ئوتلۇق ئارزۇ ۋە ئېغىر ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنى بۇ ئىللىق تۇرالغۇغا ئۆزىنى ئېتىشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى. ھەتتا بەزىدە دۇكاننى تاقاپ، ئايالى بىلەن قىزىنىڭ يېنىدىلا بولسا، قىزى ئۇنىڭغا چاپلىشىۋېلىپ ھېچ ئىش قىلدۇرمىسىمۇ مەيلىدەك سېزەتتى. ئەر ئۇ

ئىككىسىنى لەۋلىرى ئاغرىپ كەتكۈچە، سېزنىمە-
نى يوقاتقۇچە سۆيۈشنى، بەللىرى ئاغرىپ كەتكۈچە
قۇچاقلاشنى، كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇلارنى غەرق
قىلىۋېتىشنى ياكى ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىدىن
ھاسىل بولغان بۇلاقتا يۇيۇنۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.
ئۇ ئەسلىدە ئاجايىپ ئۇستىلىقى بىلەن ئايالىنى
ئالداشنى ئويلىغانىدى، ئەمما ھازىر بۇنىڭغا قۇربى
يەتمىدى. ئۇ كىتاب ئوقۇيتتى، ئىچەتتى، ئايالىغا
يەر تېگىدىن قارايتتى. ئايالىنىڭ كۆلپەت تارتىشقا
تەييار تۇرغان قاراشلىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن
چىداپ تۇراتتى، كۆز ياشلىرىنى زورىغا بېسىپ،
ئۇنىڭغا ئۆگىسۈلى ئۆچكەن ھالدا باقاتتى. ئۇ ئۆزىگە
تالىق بولغان جىمى نەرسىنىڭ، ئاتا ـ بالا ئوتتۇرد-
سىدىكى مېھىرنىڭ، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ، ھەتتا
ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭمۇ يوقاپ كېتىۋاتقان-
لىقىنى سەزدى. ھەممە نەرسە ئۇنتۇلۇش ۋە
مەھرۇم بولۇش ئىچىدە ئىز ـ دېرەكسىز بولۇپ
كېتىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ياش تۆكۈشكە
ئەرزىگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. يىغلاش
كىتاب ئوقۇش، ھاراق ئىچىشكە قارىغاندا ئەسقاتـ-
مايتتى. رادىيودىكى بارلىق ئاۋازلار تۇرمۇشتىكى
مۇسىبەت ساداسىغا ئوخشايتتى. ئۇ نېمىشقا ئايالـ-
نى يېنىغا تارتىپ، بارلىق سىرلىرىنى ئىزهار قىـ-
لىپ،ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەرمەيدۇ؟ ئەمما،
ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئايالىغا قانچىلىك پايدا يەتكۈزد-
دۇ؟ پەقەت ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۇرۇۋېتە-
دۇ، تېخىمۇ چىگىچلەشتۇرۇۋېتىدۇ، خالاس! ئۇنىڭـ-
دىن كۆرە كەچلىك يىغلىشنى ماتەم مۇراسىمىغا،
ئۆلگۈچە ياسىن ئوقۇشقا ئۆزگەرتىۋەتكەن تۈزۈك.
ئۇ ھامىنى بۇ ئائىلىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدۇ.
شۇنداق، تەنهالىق ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكىنى تېخىـ-
مۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ، چۈنكى ئايالى تېخى ئۈمىدىنى
يوقاتمىغانىدى. لاله بولسا ئوينايتتى، ناخشا ئېيتاتـ-
تى، تۇرۇپ كېكەچلەپ بىرنېمىلەرنى دېسە، تۇرۇپ
جىم بولۇۋالاتتى. قارىغاندا، ئۇ بىردىنبىر ياشاشقا
ئەرزىيدىغان ئادەم ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆلۈمنىڭ نېمىلـ-
كىنى، ئۈمىدسىزلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدـ-
ىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. بارلىق نەرسىلەر
ئۇنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈلۈك، بەختلىك، ئىللىق
ئىدى. ھەتتا، كىشىلىك ھاياتنىڭ كۆزگە سىڭىـ-
شىپ قالغان ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىمۇ ئۇنىڭ شادـ-
مان قەلبىدە ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدـ-
غان ئىش ئىدى. بەزىدە ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن
ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى، ئەمما ئۇزاق
ئۆتمەيلا ئالدىڭىزدا بىر خۇش چىراي پەيدا بولاتتى.
چاناقلىرىدىكى ياشلار تېخى قۇرۇمىغان، نۇرلۇق
كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر شوخلۇق
پەيدا بولۇۋاتقىنىنى چىقىپ تۇراتتى.

ئايالى ئېرىنىڭ كەچتە نېمىلەرنى ئويلايدىغانـ-
لىقىنى بىلمەيتتى، ئۇ ياتىدىغان چاغقىچە ئېرد-
نىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئاندىن كارىۋاتقا چىقىپ
جىمجىت ياتاتتى. ئېرىنى ئۇخلاپ بولدى دەپ پەرەز
قىلغاندا بولسا، ئىچىدىكى ئەلەمىنى بېسىپ كۆز-
لىرىنى يۇماتتى. ئەمما، ئېرى كۆزىنى ئېچىپ قاـ-
راڭغۇلۇقتا ئېسىنى يوقىتاتتى، مېڭە ھۈجەيرىلىـ-
رى كەسكىن ئىدىيەۋى كۈرەشلەر ئىچىدە كۆيەتـ-
تى. قاراڭغۇلۇقتىكى گەپ ـ سۆزلەرنى، قاراڭغۇ-
لۇقتىكى ۋەھىمىنى چۈشىنەلەيدىغان ئادەمنىڭ بار-
لىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئاياـ-
لىنىڭ تىنىقىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىدىن
كېيىنكى ئۆمرىدە قانداق تەلىپى بارلىقىنى سورد-
دى. «ھەممە كېرەك، ھەممە كېرەك ئەمەس، بۇ
يەردە ئىككىسى تەڭپۇڭ ھالەتتە» دېدى ئۇ ئۆز ـ
ئۆزىگە: ئەمما، ئۇنىڭ كۆڭلى قانائەت تاپمايتتى،
خام خىيال بىلەن تولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەرگىـ-
مۇ، دادىغىمۇ ئوخشىماي قالغانلىقىنى تونۇپ
يەتتى. ئۇنىڭ خىيالى ھەممە يەرنى كېزەتتى.

ئايروپىلانغا چىقسا ھاۋايى مۇئەللەقنى سەيلە
قىلاتتى، پاراخوتقا چىقسا، ئوكياندىن ئۆتۈپ،
دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. خىلمۇخىل
قاتناش ۋاسىتىلىرىگە چىقىپ، ئورمانلىقتىن كۆلـ-
لەرگە، تاغ چوققىلىرىدىن تۈزلەڭلىككە، يايلاقلار-
غا، دېڭىز ساھىللىرىغا ۋە شەھەرلەرگە باراتتى. تۆ-
مۈرنى قىزدۇرۇۋېتىدىغان رايونلاردىن، يالقۇننى
مۇزلىتىۋېتەلەيدىغان قەھرىتان بەلباغلاردىن ئۆتەتـ-
تى. ئۇ ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى ئۆڭكى ۋە كىيىنـ-

شى ئۇخشمايدىغان ئادەملەرنى كۆرەتتى. لېكىن، مەڭگۈ قېرىماسلىقنىڭ ئامالى بولمىدى. ئەمما، ئۇ قالغان كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەنزىرىلەرنى كۆرۈش ۋە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئەمما، ئۇ بەربىر خىيالىي دۇنيا. چۈنكى، ئۆلۈم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەر، دادا، ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇرالمايدۇ. شۇڭا، ئۇ دائىم خام خىياللارغا غەرق بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچسىمۇ، يەنىلا دۇكانغا بېرىپ ئىشلىشى، ئۆيدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق راھەتلىنىپ ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ھاراقتىن، ئاجايىپ ـ غارايىپ كىتابلارنى كۆرۈشتىن ئۆزىنى تارتالمىدى.

ئۇ ماتاتىيە قەھۋەخانىسىغا كەلدى، بۇ يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنكى چاغ ئىدى. ھەممە يەر كۆز مەنزىرىسىگە چۆمگەن. ئۇ ئىشىك تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يىراققا نەزەر تاشلىدى، ئۇچىسىغا قارا تون، بېشىغا ياغلىق چىگكەن سەھرا سۈپەت بىر ئەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جۇمە، مېنى بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن چاقىرتقانىدىڭ؟ — دېدى ئۇ ئادەم.

— كەچۈر، قېرىندىشىم، سېنى مالال قىلدىم، — دېدى جۇمە خاتىرجەمسىزلەنگەن ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەگەمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كېلىش ئانچە تەس ئىش ئەمەس، ئەمما مېنى نېمىشقا چاقىرتتىڭ؟

جۇمە دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى بىر قۇر دەڭسەپ كۆردى. ئۇ ئادەم جۇمەگە سىنچىلاپ قاراپ، ئاۋۋال گەپ تەشتى:

— ئائىلە ماجىراسىغۇ دېمەيمەن. شۇنداق بولمىسا مېنى خۇدا ئۇرسۇن! ئايالىڭغا نېمە بولدى؟

— ئەھۋال ياخشى، ئارىمىزدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق! — دېدى جۇمە دەرمانسىز ھالدا.

— ئەمىسە مېنى نېمىشقا ئۆيۈڭگە چاقىرمىدىڭ؟

— سەن بىلەن ئايرىم پاراڭلاشقۇم بار ئىدى.

ئۇ ئادەم جۇمەگە قارىغىنىچە ئەنسىرىگەن ھالدا ئېيتتى:

— جۇمە، كەيپىياتىڭ تازا جايىدا ئەمەستەك تۇرىدۇغۇ.

جۇمە ئۈندىمىدى، ھېلىقى ئادەم تەخىرسىزلىك بىلەن:

— نېمە گېپىڭ بولسا ماڭا ئېيت، ئۇكام! — دېدى.

— ئاكا، مەن ساڭا موھتاج، ساڭا ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن. گېپىمگە ئىشەن، چىن سۆزۈمنى ئېيتسام، بىرنەچچە ئايغا قالماي ئۆلۈپ كېتىمەن، — دېدى جۇمە روھسىز ھالدا.

ھېلىقى ئادەم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتتى، ئۇ ھاڭ ـ تاڭ قالغانىدى.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇنى قانداق بىلدىڭ؟ دوختۇر بىلەن كۆرۈشكەنمىدىڭ؟

جۇمە ھەممىنى دېسە، ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلىدىغاندەك خاتىرجەملىك بىلەن:

— مەن ئۆمۈر ئىستىراخوۋانىيەسىگە قاتنىشىپ قويىدۇم، — دېدى.

— يەنىچۇ؟

— مەن بىرمۇنچە دوختۇرغا كۆرۈندۈم، ھازىر ئەھۋالىمنىڭ ئېغىرلىقىغا ئىشەندىم.

— بىر ئادەمنىڭ قانچىلىك كۈن كۆرىدىغانلىقىنى ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، — دېدى ھېلىقى ئادەم مەسخىرىلىك كۈلۈپ.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق، ئاللا ھەممىگە قادىر! ئەمما، مەن ئەھۋالىمنىڭ چاتاقلىقىدىن گۇمانلانمايمەن، — دېدى جۇمە دەرمانسىز ھالدا.

— قۇرۇق گەپ! دوختۇرلارنىڭ يالغان سۆزلەيدىغانلىقىغا كۇرمىڭ ئىسپاتىم بار.

— دوختۇرلارنىڭ راست سۆزلەيدىغانلىقىغا مېنىڭمۇ كۇرمىڭ ئىسپاتىم بار، — دېدى ئۇ خورسىنىپ.

ئارىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى. بىر مايىلامچى بالا ساندۇقىنى تاكىلدىتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىتتىكلا كېتىپ قالدى.

— بۇنداق قورقۇنچلۇق خىياللارنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت، سېنى كېسەل قىلىپ قويغان دەل ئاشۇ

تۇتۇرۇقسىز خىياللار. ئەگەر خاتىرجەم بولاي دېسەڭ، مەن بىلەن چوڭ كۆۋرۈككە بېرىپ، بىر غەلىتە بوۋاي بىلەن كۆرۈشۈپ كەل. دوختۇرلارمۇ قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدۇ! — دېدى ھېلىقى ئادەم بوم ئاۋازدا.

— بولىدۇ!

— ئۆزۈڭ دېگەن گەپلەردىنمۇ گۇمانلىنىۋاتىسەنغۇ دەيمەن!

— بۇ ئىشنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى! مەن سېنى جىددىي ئىش بىلەن چاقىرتقانىدىم، — دېدى جۇمە قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— ئەمما، مەن سېنىڭ ئەس ـ ھوشى جايىدا راۋۇرۇس ئادەملەردەك ياشىشىڭنى خالايمەن.

— بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلى. ئاۋۋال ساڭا دەيدىغىنىمنى دەۋالاي!

— بولىدۇ! — دېدى ھېلىقى ئادەم نائىلاج.

— ئاياليم بىلەن لالە ... — دېدى جۇمە مەيۇس ھالدا.

— مانا، مانا، سېنىڭ ئۇلار ھەققىدە گەپ قىلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، — ئۇ ئادەم گېپىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ تۇراتتى، جۇمە ئۇنى گەپتىن توسۇپ ئېيتتى:

— دۇكىنىمدا بىر خىزمەتچىم بار، ئۇ ساڭا ئوخشاشلا ياخشى ئادەم. ئەمما، دۇكان يەنىلا ساڭا موھتاج، مەن ئائىلەمنىڭ كەلگۈسىدىن خاتىرجەم بولمىسام بولمايدۇ. ساڭا يېڭى يۈك ئارتىپ قويۇۋاتقانلىقىمدىن مەن بەك خىجىل، ئىلاجسىزلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتىمەن. بانكىدىكى پۇلۇمنى ئۇلارغا قالدۇرمايمەن.

— ئۇلارغا قالدۇرغىنىڭ ياخشى!

— دېگىنىمدەك قىل! ئۇلار پۇلغا ئەمەس، غەمخورلۇقۇڭغا موھتاج.

— ھېلىقى ئادەم بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى، گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، بىر تىراللىبۇس تاراقشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەستا، مەنمۇ سەندەك تايىنى يوق خىياللارنى قىلىپ كېتىپتىمەن. سەن مېنى ئۆز خاھىشىڭ بويىچە ئىش كۆرۈشكە ئۈندەۋاتىسەن، مېنى بۇ مىراسقا موھتاج دەپ قارامسەن؟ ئۇنداق گۆدەكلىك قىلما، باشقا ئىشلاردىن تامامەن خاتىرجەم بول! ساڭا ئېيتقاندەك، ھازىرقى ئەھۋالدا چەتئەلگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ كەل، بىر ھەپتە بولسىمۇ مەيلى.

— بەك خۇرسەنمەن، كۆپ بولغاندا بىر ھەپتىدە قايتىپ كېلىمەن، ئەمدى قايتايلى ...

ھېلىقى ئادەم جۇمەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۆيگە قايتىشتىن يالتىيىپ، بېكەتكە بېرىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى، بىراق جۇمە قاھىرەدە تۇرۇۋاتقان پۇرسەتتە، ئاساسلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋالغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى قەھۋەخانا ئالدىدا خوشلاشتى. ھېلىقى ئادەم ئەتەبەگە قارشى يۈنىلىشتە يۈرۈپ كەتتى. جۇمە ئاپتوبۇس بېكىتىگە ماڭدى. ئۇ بىر ماشىنىغا چىقىپلا يولىغا راۋان بولدى. ئەمما، يول بەك قىستا ـ قىستاڭ بولغاچقا، ئاپتوبۇس ئەزباھاردا توختاشقا مەجبۇر بولدى. جۇمە ئالدى تەرەپتە بىر مۇنچە ئادەمنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆردى. كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، بىر ماشىنىنى ئارىغا ئېلىۋالدى. ئۇ قاتناش ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ توپتىكىلەرنىڭ چىرايىغا بىرمۇبىر قاراپ چىقتى، ئاخىر ماشىنىدىن چۈشۈپ،ئالدى تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى. ئۆيلىمىغان يەردىن ماشىنا توپنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تىياتىر مەيدانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

توپتىكىلەرنىڭ ئارىسىدا ھېلىقى مايلامچى بالىمۇ بار ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن ھالدا، ماشىنىنىڭ ئالدىدا ياتقان جەسەتكە قاراپ تۇراتتى، ئارقىدىنلا ئەتراپتىكىلەرگە ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— پېرىم سائەت ئىلگىرى، بۇ ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەم بىلەن ماتاتىيە قەھۋەخانىسىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم .... — دېدى.

(ئاپتورنىڭ خەنزۇچە «ئاللانىڭ دۇنياسى» ناملىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمىدىن)

# كۆز

قاسىم تايمۇر مۇھەممەد (ھىندىستان)

بارىجان زەپەر تەرجىمىسى

كۆزى كۆرەلەيدىغانلىكى ھەرقانداق كىشى مېنى كۆرسە كۈلۈپ تاشلايتتى. بەزىلەر ھەتتا قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالاتتى. ئۇلار مەن توغرۇلۇق تالاي ھەجۋىي ھېكايىلەرنى توقۇغان بولسا كېرەك.

مېنىڭ بويۇم پاكار، چىرايىم كۆمۈردەك قارا، پۇت ـ قوللىرىم تەكىپۇكسىز، يوغان بېشىم بىنورمال يېتىلگەن بەدىنىمنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇپ قويغان توپتەك، دۈگىلەك كۆزۈم كۆز چانىقىمنىڭ ئىچىگە پاتۇرۇپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. ئېغىز ـ بۇرنۇم ھەددىدىن زىيادە يوغان، تار پېشانەم سالپاڭ قۇلاقلىرىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇراتتى. ئون ئىككى ياش چېغىمدا، ماڭا چېچەك چىققانىكەن، شۇڭا يۈزۈمنى تۇگەل چوقۇر بېسىپ كەتكەنىدى. يەنە، باللىق دەۋرىمدىكى بىر كۈزدە، ئوڭ پۇتۇم مېيىپ بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق، مەن ھەقىقەتەن ئاجايىپ سەت ئادەم ئىدىم. لېكىن، تەڭرى ماڭىمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا گۈزەللىكتىن بەھرىلىنىش تۇيغۇسى ئاتا قىلغانىدى. مەنمۇ گۈزەللىكنى سۆيىمەن، بىراق بۇ سىلەرگە مېنىڭ كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھىم بولۇپ تۇيۇلسا كېرەك. مەن سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشكە تەشنا. بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشما؟ دەرۋەقە، مېنىڭ مۇھەببەت تارىخىم كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. چۈنكى، بىر قىز مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، مېنىڭ كىشىلەر ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، يىرگىنىدىغان قىياپىتىم بىلەن ھېسابلاشماي، ماڭا ياتلىق بولغانىدى.

قىزنىڭ ئىسمى لىلا، ئەما، تىلەمچى ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى شەھەردىكى چوڭ بىر زاۋۇتنىڭ يېنىدىكى بىر كەپىدە تۇراتتى.

لىلا مېنىڭكىگە پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى، كېيىن بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالدى. بىزنىڭ دېيىشمەيدىغان گېپىمىز يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشۇمدىكى ئېغىرچىلىق ۋە روھىي جەھەتتىكى بېسىم ئاز ـ تولا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. تۇرمۇشنىڭ ئىللىقلىقى مېنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. ھەي، لىلانىڭ كۆزلىرى! مۇبادا بۇ كۆزلەر كۆرەلىگەن بولسا، لىلاغا نەقەدەر ھۆسن قوشۇلغان بولاتتى ـ ھە! لىلانىڭ كۆزلىرى ساق بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى! بۇ ئويلىرىمنىڭ ئەخمىقانىلىك ئىكەنلىكى ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. لىلانىڭ كۆزلىرى ساق بولسا، ئۇ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرمىگەن، باشقىلارنىڭ بەرگەن سەدىقىسىنى قوبۇل قىلمىغان بولاتتى! ياق، ئۇنىڭ كۆزلىرى مېنى ئىزدەپ كېلىشىگە، كۈندە مېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشىغا ھەرگىز يول قويمىغان بولاتتى.

بىر كۈنى مەن لىلادىن:

— لىلا، سىزنىڭچە مەن قانداقراق؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ ئىزا تارتىپ كۈلۈپلا قويدى. بۇنىڭدىن مەن بەكلا سۆيۈنۈپ كەتتىم.

— مېنى ياخشى كۆرەمسىز، لىلا؟

ئۇ خىجىل بولغىنىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي ھېچنېمە دېمىدى. ماڭا ھاياتنىڭ پۈتكۈل سېھرىي كۈچى مۇشۇ پەيتكە جۇغلانغاندەك تۇيۇلدى.

بىرئازدىن كېيىن لىلا قايتتى. «لىلا!» ئاخىر بۇ ئېيتقۇسىز زېرىكىشلىك دۇنيادا ماڭىمۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىم بىلەن چاقىرالايدىغان بىر ئىسىم بار بولدى. مېنىڭمۇ تەشنالىق ئىچىدە تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتىدىغان ئادىمىم بار بولدى. ھايات، ئىلگىرى ماڭا ئازابلىق تۇيۇلغان ھايات ئەمدى شېرىن، كۆڭۈللۈك بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى. بۇ ماڭا كەلگەن تەلەي ئەمەسمۇ؟

ئەتىسى لىلا يەنە كەلدى.

— لىلا، ماڭا تېگىشنى خالامسىز؟ — سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن. ئۇ دەماللىققا ھەيران قالدى.

— خالايمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر جاۋاب بېرىپ، — مەن ئۇزۇندىن كىشىلەردىن مېنى كەمستىدىغان گەپلەرنى ئاڭلىدىم. كوچىدا كېتىۋاتسام ئۇلار مېنى مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ سۆيگۈنى دېيىشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە سىز بەكمۇ كۆرۈمسىز ئىكەنسىز.

— سىز نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز، لىلا؟

— مەن خەقلەرنىڭ نېمىنى چىرايلىق دەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، مايمۇنسىمان ئادەمنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى لىلا، — شۇڭا، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن پەرۋايىم پەلەك. ئۇلار سىزنى دۇنيادىكى ئەڭ كېلىشكەن ئەر دېسىمۇ، ماڭا بەرىبىر. مەن دۇنيانى قەلبىم كۆزى بىلەن كۆرىمەن. گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنى قەلبىم كۆزى ئارقىلىق كۆرىمەن. سىزنىڭ پىكرىڭىز بولمىسا، مېنىڭمۇ پىكرىم يوق. مەن بۇ دۇنيادا بىرەر كىشى مېنى سەممىيلىك بىلەن ياخشى كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بىراق...

— نېمىشقا «بىراق» دەيسىز؟ — مەن خاۋاتىرلىنىپ سورىدىم.

— راستىنىلا، مېنىڭ كۆزۈم كۆرمىسىمۇ، سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

ئۇزاق ئۆتمەي بىز توي قىلدۇق.

كېيىن، لىلانىڭ ئانا بولىدىغان كۈنلىرىگىمۇ ئاز قالدى. بۇ ئۆمرۈمدە ئەزەلدىن خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئالەمچە خۇشاللىق ماڭا نېسىپ بولدى. مەن ئەر بولدۇم، ئەمدى دادا بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتىم!

ئەمما، بالا تۇغۇلۇشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى لىلا ئاغرىپ يېتىپ قالدى.

— ئايالىڭىزنىڭ كېسىلى خەتەرلىك ئەمەس، ئۇنى داۋالاپ ساقايتالايمەن، — دېدى دوختۇر ۋە بىرئاز تۇرۇۋېلىپ سورىدى، — ئايالىڭىز تۇغما ئەمامۇ؟

مەن «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن دوختۇر لىلانىڭ كۆزىنى بىر قېتىم تەكشۈردى، ئاندىن بىرئاز ئويلانغان ھالدا:

— مەن ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمەن. لېكىن، ھازىر ئوپېراتسىيە قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ بوشىنىپ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

دوختۇرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ كەتتى، بۇ گەپلەردىن روھىم سۇنۇپ، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىم تەۋرەندى. دوختۇر لىلانىڭ كۆزىنى كۆرەلەيدىغان قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. لىلانىڭ كۆزلىرى كۆرەلەيدىغان بولسا، ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا مېنى ياخشى كۆرەرمۇ، ھۆرمەت قىلارمۇ؟ مەن دوختۇرغا نېمە دېيىشىم كېرەك؟ «ياق، ئايالىمنىڭ كۆزلىرى كۆرمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ» دەپ ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم، لېكىن مەن ئايالىمغا:

— لىلا، دوختۇر كۆزلىرىڭىزنى داۋالاپ ساقايتالايمەن، دېدى! — دېدىم.

مەن بۇ گەپنى ئىختىيارسىز ھالدا تەكرارلاۋەردىم. ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرسەم بولار؟ ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى دەل مېنىڭ ھاياتىمنى نابۇت قىلىدىغان ئاساس بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

— كۆزلىرىم كۆرەلەيدىغان بولسا ـ ھە، مەن مۇشۇنداق بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن دەڭا. بۇنىڭدىن سىز خۇشال ئەمەسما؟ سىزنى كۆرەلەيدىغان بولسام ئىدىم، مېنىڭچە سىز مېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرگەن بولاتتىڭىز، — دېدى لىلا.

ئايالىم كېسەللىك ئاسارىتىدە ياتسىمۇ، كۆزلىرىدىن ئۈمىدۋارلىقنىڭ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. بۇ يېڭى بىر تۇرمۇشنىڭ باشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈنمىدۇ؟

لىلا شۇنچە خاتىرجەم ئىدى، بىراق كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ كەتتى. تۈرلۈك ئوي ـ خىياللار كاللامغا كىرىۋېلىپ مېنى ئارامىمدا قويمىدى. «ياق، ھەرگىز بولمايدۇ! سىز لىلانىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرسىڭىز بولمايدۇ. ھەي، دوختۇر، نېمىشقا مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى ۋەيران قىلىسىز! ياق! ياق، سىزدىن ئاغرىنسام ھەرگىز بولمايدۇ. سىز ئۇنىڭغا يورۇقلۇق ئاتا قىلىشىڭىز كېرەك. ئىلاھىم، لىلا قۇياشنىڭ نۇرىنى كۆرەلەيدىغان بولسۇن! تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئۇنىڭغا ھەربىر كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىنى ئاتا قىلغاي! بىراق، مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى، يەنى

ئۇ تېخى «مايمۇنسىمان ئادەم» نىڭ قانداق بولىدىغان-
لىقىنى بىلىشتىن ئىلگىرى بۇ دۇنيادىن جەزمەن
غايىب بولۇشۇم كېرەك. شۇنىڭدىلا مەن سۆيگۈ -
مۇھەببەتكە باي بىر كىشى سۈپىتىدە ئۇنىڭ قەلبىدە
ئەبەدىي يادلىنىپ قالىمەن. ئۇنىڭ ماڭا بولغان ھا-
زىرقى مۇھەببىتى ۋە مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن بالقىغان
گۈزەللىك تۇيغۇسى ئۇزاققىچە داۋاملىشىپ بارالار-
مۇ؟» مېنىڭ يۈرىكىم يىغلاپ دەرد تۆكمەكتە ئىدى.

لىلا ئوغۇل تۇغدى. بالا لىلانىڭ رۇخسارى ۋە
مېنىڭ كۆزۈمدىن ئۈلگە ئالغانىدى. لىلانىڭ سالا-
مەتلىكى ئەسلىگە كەلدى. ئۇ مېنىڭدىن ئۆزۈمنىلا
ئويلاپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي
كەلگەن ئىشنى سوراپ قالدى.

— ھازىرلا دوختۇرنىڭ قېشىغا بارايلىمۇ؟ —
ئۇ ئۆز گېپىنىڭ ۋۇجۇدۇمدا قانداق داۋالغۇش پەيدا
قىلغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

— توغرا، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بۈگۈن مەن دوخ-
تۇرنى ئىزدەپ بارماقچىدىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا
يالغان سۆزلەپ، شۇ تاپتا مەن دىڭىزدا پالاقشىپ جان
تالىشىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدىم. تالاغا
چىقتىم. بىرقانچە سائەتتىن كېيىن قايتىپ
كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ھېلىقى دوختۇر ئۆلۈپ كېتىپتۇ، —
دېدىم. ئەسلىدە مەن مۇنداق گەپنى ئىغىزدىن چىقى-
رالماسمەنمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما بۇ دەل
كۆڭلۈمدىكى گەپ ئىدى. مەن ئازابلىق، ئېچىنغان
بىر قىياپەتتە ئۇنىڭغا قارىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ ئېرى
بولۇش سۈپىتىم بىلەن لىلانىڭ ئەمالىق كېسىلىنى
داۋالاپ ساقايتىشقا ۋەدە قىلغان ياخشى نىيەتلىك
دوختۇرنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئازابلىنىشىم ھەقلىق
ئىدى. مېنىڭ شەپقەتسىز، ئۆزۈمنىلا ئويلايدىغان
مۇنداق بىر مەخپىيەتلىكىمنى پەرىشانلىق ئىلكىدە
ئىچىمگە يۇتۇۋېتىشىمگە توغرا كېلەتتى. بۇ ھەرقان-
داق بىر كىشى چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ئېغىر يۈك
ئىدى. مەن بۇ قىلمىشلىرىم ئۈچۈن چوڭقۇر خىيال-
لارغا غەرق بولۇپ ھەرقاچان دەردىمنى ئىچىمگە
يۇتۇپ كەلمەكتە ئىدىم.

تەس كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەك-
تە.

بىر كۈنى مەن سىرتتىن قايتىپ كېلىپ، يۇ-
رەكنى ئېزىدىغان بىر ئىشقا يولۇقۇپ قالدىم.
لىلانىڭ ئاپىسى بىر مىس قاچىنى ئۆيگە ئەكىرىپ
قويۇۋىدى، بالا چۆچۈپ يىغلاپ كەتتى. بالىنىڭ يى-
غىسىنى ئاڭلىغان لىلا شۇ ئان بۆشۈككە قاراپ
ماڭدى. ھاسىسىنى ئېلىۋالمىغاچقا، ئىشىكنىڭ كې-
شىكىگە قاتتىق ئۇسۇۋالدى. ئۇ يارىلاندى، ئۇنىڭدىن
قان ئېقىشقا باشلىدى. مەن دەررۇ ئۇنى دوختۇرخانى-
غا ئاپاردىم.

لىلا، مېنىڭ ھاياتىم، بارلىقىم! مەن لىلانىڭ
قېشىغا باردىم. ئۇ كېسەل كارىۋىتىدا ئازابلىق ئىڭ-
رىماقتا ئىدى. ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم. ئۇ ئۆكسۈپ
تۇرۇپ:

— سىز بۇ يەردىما؟ كېتىپ قالىدىغان
بولدۇم. ئۆز كۆزۈم بىلەن سىزنى بىر كۆرسەم نېمە-
دېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! — دېدى.

لىلانىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى مېنىڭ بەرداشلىق
بېرىش ئىقتىدارىمغا قويۇلغان سىناقتەك بىلىندى.
ئۇ ھېلىقى دوختۇرنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئاھ ئۇرۇ-
ۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ ئۇندىمەي جىم ياتاتتى.

— لىلا! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — مېنى
كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈشىڭىزنىڭ كارايىتى چاغلىق.
سىز مېنى ئۆزىڭىزنىڭ پاك، يورۇق قەلبىڭىز
بىلەن كۆردىڭىزغۇ؟ بىلىمەن، بۇ دۇنيادا پەقەت
سىزلا مېنى ھەقىقىي كۆردىڭىز. كىشىلەر كۆزلە-
رى بىلەن ئۆزئارا بىر - بىرىنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ.
شۇڭا، خاتىرجەم بولۇڭ، قەدىرلىكىم، سىز پاتلا
ياخشى بولۇپ كېتىسىز.

لىلا گەپلىرىمنى ئاڭلاپ، بىرھازا سۈكۈتكە
چۆمدى. تالادا پارلاق قۇياش زېمىنغا نۇرىنى سەپمەك-
تە. لىلا يىغلاپ كەتتى. مەن ئىچ - ئىچىمدىن ئازاب-
لاندىم. مېنىڭ ھېلىقى قورقۇنچلۇق مەخپىيىتىم
ۋۇجۇدۇمدا غەلىيان كۆتۈرمەكتە ئىدى. ئەمدى مەن
بۇ يەردە تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىدىم.

لىلانىڭ پاك روھى ئاستا - ئاستا ئۇزاپ
كەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلغانلىقىمنى ئېسىم-
گە ئالالمىدىم. دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان بىر يۈرەك توخ-
تىدى. قېلىپ قالغان يەنە بىر يۈرەك بولسا ئىچ - ئىچ-
چىدىن پۇچىلانماقتا ئىدى.

(خەنزۇچە «دۇنيا كىلاسسىك مىكرو ھېكايىلىرى —
ئاسىيا قىسمى» دىن)

# ياشار كامال بىلەن سۆھبەت

تەكىن سۆنمەز (تۈركىيە)

تۈركچىدىن ۋەلى كېرىم كۆكئالپ تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** تۈركىيەنىڭ دۇنياغا داڭلىق يازغۇچىسى ياشار كامال ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە «مەمەت ئاۋاق» ناملىق تۆت توملۇق رومانى بىلەن تونۇشلۇق. ئۇ 1922 ـ يىلى تۈركىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئوسمانىيە ناھىيەسىنىڭ ھەمىتە يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن گېزىت ـ ژۇرنال، رادىيولاردا مەخسۇس سەھىپە يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن، بۇ جەريانda تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلاپ، نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان. ئۇنىڭ تۇرمۇشقا يېقىن، تەبىئىي، ئوقۇشچانلىقى يۇقىرى، كىشىلىك خاراكتېرنى جانلىق ئېچىپ بەرگەن روماىلىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، تۈركىيەدە ناھايىتى زور زىلزىلە قوزغىغان، شۇنداقلا چەت ئەل تىللىرىغا تۈركۈملەپ تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشكەن. يازغۇچىنىڭ «مەمەت ئاۋاق»، «ئاددىي كىشىلەر»، «قارا يەر، قىزىل ئاسمان»، «مىڭبۇغىلار ئەپسانىسى»، «تۆمۈرچىلەر بازىرى»، «يىلاننى ئۆلتۈرسە» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق رومانىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

تۈرك ئوبزورچىسى تەكىن سۆنمەز بىلەن ياشار كامالنىڭ مەزكۇر سۆھبىتىدە ياشار كامالدىن ئىبارەت بىر مەشھۇر يازغۇچىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، دۇنيا قارىشى، تىل ماھارىتى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىلگەچكە، بۇنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

**تەكىن سۆنمەز:** سەنئەت ھاياتىڭىزنىڭ چۇكۇروۋا رايونىدا فولكلور ئەسەرلىرىنى توپلاش بىلەن باشلانغانلىقىنى ئوقۇرمەنلىرىڭىز ئوبدان بىلىدۇ، ياشار كامال. ھاياتىڭىزنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى كىشىلەر بىلمەيدىغان تەرەپلىرىدىن بىزنى ئاز ـ تولا خەۋەردار قىلسىڭىز قانداق؟

**ياشار كامال:** مەن ئىجادىيىتىمنى قوشاق توقۇش بىلەن باشلىدىم. قاراجائوغلانغا ئوخشاش بولۇش نىيىتىدە شۇنداق قىلغانىدىم. كېيىن مەكتەپكە باردىم، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدىلا ياشىنىپ قالغان خەلق شائىرلىرى بىلەن شېئىر ئوقۇشقانلىقىمنى ھازىرمۇ ئەسلىيەلەيمەن. قەدىرلىدە مېنىڭ بۇ ئىشىمنى ئېسىگە ئالالايدىغانلار ھېلىمۇ بار. يەنە مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئاشىق مەجىت بار ئىدى، ئىككىمىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇيتتۇق. ئۇ سازنى بەك ياخشى چالاتتى، ئەمما مەن چالالمايتتىم. مېنىڭ ساز چالالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى بار، ئانام ئاشىق بولساڭ يۇرتمۇيۇرت كېزىپ يۈرىدىغان ئىش دەپ سازغا، ئاشىقلىققا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ يالغۇز بالىسى ئىدىم ۋە مېنى كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى قىلالمايتتى. مەكتەپتە، توي ـ تۆكۈنلەردە، بايراملاردا مېنى كىشىلەر ئاشىق مەجىت بىلەن ناخشا ئېيتىشقا سالاتتى. ئاشىق مەجىت بىلەن قەدىرلىدە بىر قەھۋەخانىدا بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە ناخشا ئېيتىشىپ چىققانلىقىم ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدە.

**تەكىن سۆنمەز:** بۇ توغرىدا يەنە بىرئاز سۆزلىسەيلى.

**ياشار كامال:** قەدىرلىدە ئىدىم، مېنى بىر ئۆيگە چاقىرىشتى. ئەلبىستانلىق ئاشىق رەھمى كەپتۇ دەپ... شۇ يەرگە باردىم، ئۆيدە ئادەم كۆپ ئىدى. ئوچاقنىڭ يېنىدا ئېگىز بويلۇق، چار ساقاللىق، يېقىشلىق بىر ئادەم ساز چېلىۋاتاتتى. مەن

ئۆيگە كىرگىنىمدە ئۇ ئادەم سازىنى، ناخشىسىنى توختاتتى. «مانا بۇ بىزنىڭ ئاشىقىمىز بولىدۇ» دېيىشتى مېنى چاقىرىپ كەلگەنلەر. ئاشىق رەھمى ئورنىدىن تۇرۇپ قولۇمدىن تۇتتى، مېنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، «خۇش كەلدىڭ ئاشىقىم، خۇش كەلدىڭ ئۇستام» دېدى. مەن بەك سىقىلىپ كېتىۋاتاتتىم. شۇ چاغدا ئون بىر ياشتا ئىدىم. ئۇ بىردەمدىلا مېنىڭ ھۆرمىتىم ئۈچۈن ناھايىتى يېقىملىق بىر ناخشا ئېيتتى. ئاندىن سازنى ماڭا ئۇزارتتى. «چالمايمەن — دېدىم، — مەن سازسىز ئېيتىمەن، ئانام ساز چالسام خاپا بولىدۇ.» ئاندىن يېرىم كېچىگىچە ئاشىق رەھمى بىلەن ناخشا ئېيتىشتۇق. مەن چېلىشقا تېگىشلىك سازنىمۇ ئۇ چالاتتى. يېرىم كېچە بولغاندا سازنى توختاتتى، ئورنىدىن تۇردى، مېنىمۇ ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى، پېشانەمدىن سۆيدى. «مېنىڭ يېزامغا كەل، ئاشىق قېرىنداش، — دېدى، — مەن ساڭا ساز ئۆگىتىمەن. كورئوغلىنىڭ، مايىل بەينىڭ، ئۆكسۈزئوغلاننىڭ ناخشىلىرىنى ئۆگىتىمەن، ساز چېلىشنىمۇ ئۆگىتىمەن. كونا ئاشىقلارنى چۈشەنمىگەن كىشى ئاسانلىقچە ياخشى بىر ئاشىق بولالمايدۇ. سەن بۇلارنى كۆڭلۈڭدە ئايدىڭ قىلىۋالساڭ، ئانادولۇ، ئۇرۇم، شام سېنىڭ ھەققىڭدە گەپ قىلىدۇ. نامىڭ يېيىلىپ ھەر يەر، ھەر يەرگە تارايدۇ.» ئاندىن ئاشىق رەھمى يېزىمىزدىن ئايرىلدى. ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ماڭا ناھايىتى قىممەتلىك، ئاۋازى يېقىملىق بىر جۇرا (ئىككى ياكى ئۈچ تارلىق تۈرك تەمبۇرى) ئەۋەتىپ بەردى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزە - پۈتكۈزمەيلا مەن ئاداناغا — ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغىلى كەتتىم. ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ بوزدوغان، قەدىرلى، كوزان تۈركمەنلىرى ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاداناغا باردىم. بولمىسا ھازىر بەلكىم قولۇمدا ساز، بىرەر يېزىدا كورئوغلىنىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىپ ئولتۇرغان بولاتتىم، ئىش ئۇنداق بولمىدى. ئاندا - ساندا ئاشىق رەھمىنىڭ يېنىغا بارالمىغىنىمغا ھازىرمۇ شۇنداق پۇشايمان قىلىمەنكى، ئۇنى بىر دېمەڭ...

**تەكىن سۆنمەز:** ھازىرجاۋابلىق بىلەن شېئىر سۆزلەش دەۋرىڭىز قانچىلىك داۋام قىلدى؟ شۇ كۈنلەردە توقۇغان ناخشىلىرىڭىزدىن بىرنەچچە مىسال كەلتۈرۈپ باقامسىز؟

**ياشار كامال:** ھازىرجاۋابلىق بىلەن شېئىر سۆزلەش خۇيۇم قاچان ئاخىرلاشتى، ھازىر بۇنى ھېچ ئېسىمگە ئالالمايمەن. سۆزلەيدىغان كونا شېئىرلاردىنمۇ يادىمدا قالغانلىرى يوق. كېيىن ئاشىق مەجىت ئۆلۈپ كەتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنىڭ چىرىغىدەك بىر ئادەم ئىدىم. ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن فولكلور ئەسەرلىرىنى توپلاشقا باشلىدىم ۋە ئادانا «خەلقئەۋى» نەشرىياتى تۇنجى كىتابىم «مەرسىيەلەر»نى 1943 - يىلى نەشر قىلدى. ئۇ مەرسىيەلەرنى 1940 - 1941 - يىللىرى چۇكۇروۋادىن ۋە توروسلاردىن توپلىغانىدىم.

**تەكىن سۆنمەز:** ماقۇل، ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىز ئەنە شۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىكەن. ئەمدى ھېكايىلىرىڭىزنىڭ، رومانلىرىڭىزنىڭ تىلىنىڭ خەلق قوشاقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئۆتەيلى.

**ياشار كامال:** تۇنجى ھېكايەم ئۇزۇن سەھىپىلىك «قوپال ھېكايە». ئىككىنچىسى «بوۋاق». ماڭا شۇنداق تۇيۇلىدۇكى، «بوۋاق»نىڭ قۇرۇلمىسى بىر خەلق قوشىقىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ دەل ئۆزى. يېزىش شەكلىدىمۇ خەلق قوشاقلىرىنىڭ پۇرىقىنى تېپىش قىيىن بولمىسا كېرەك. مېنىڭ بۇ ھېكايەمدە ئاغزاكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ يەڭگىل، كۆپ سىناقلاردىن ئۆتكەن شەكلىنى، يېقىملىقلىقىنى تاپالايسىز دېسەم، ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمەن. خەلق بىلەن، خەلقنىڭ تىلى بىلەن قويۇق ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋىتى ئورناتماستىن تۇرۇپ، دەۋرىمىزدە بىر سۆز سەنئەتچىسى بولدۇم دېيىش ئىنتايىن كۈلكىلىك ئىش. سۆز سەنئىتى قەدىمكى زامانلاردىن

بىرى خەلق ئامىمىسىنىڭ سەنئىتى بولغاندۇر، «ئىلىئادا» نى خەلق شائىرلار بىلەن بىرلىكتە مەيدانغا كەلتۈرگەندۇر.

**تەكىن سۆنمەز:** ئېپوس خاراكتېرلىك داستانلار ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزمۇ بۇ؟

**ياشار كامال:** بارلىق بۈيۈك داستانلار، يەنى يوقاپ كەتكەن ياكى قولىمىزدا بار بولغان داستانلار شائىرلار بىلەن بىرلىكتە خەلقنىڭ مىلىدۇر. داستانلارنىڭ بۈيۈك ئۇستىلىرى خەلقتۇر.

**تەكىن سۆنمەز:** سۆز سەنئىتىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى قانداق؟

**ياشار كامال:** داستان ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئۇنۇمىنى دەۋرىمىزگە كەلگەندە يىتتۈرۈپ قويدى. بولمىسا داستانلار باشقا سۆز سەنئەتلىرىگە قارىغاندا، 19 ـ ئەسىردىكى سۆز سەنئەتلىرىدىن رومان، شېئىر، تىياتىرلار بىرئاز بولسىمۇ ئىنسانىي تۇسكە ئىگە ئىدى.

**تەكىن سۆنمەز:** بۇنىڭ سەۋەبلىرى...

**ياشار كامال:** بۈگۈن ئىنسانىي روھ بارلىق قىممەتلىرىدىن يىراقلاشقىنىغا ئوخشاش، سۆز سەنئەتلىرىدىنمۇ يىراقلاشتى. خەلقلەردىن يىراقلاشقانچە سۆز سەنئەتلىرى گۈزەللىكلىرىنى يوقىتىپ قويدى. كەڭ ئىنسانىيلىقتىن يىراقلىشىپ بىر ساھەنىڭلا مېلى بولۇپ قالغاچقا، سۆز سەنئەتلىرى ئۆز تەسىر كۈچىنى يىتتۈردى، قىممىتى قۇرۇتتى، جانسىز قالدى. «ئىلىئادا»نى ئىپسىڭىزگە ئالالامسىز، بىلمەيمەن، ئۇنىڭدا تەبىئەت تەسۋىرلىرى باردۇر.

**تەكىن سۆنمەز:** «ئىلىئادا» شۇ دەۋر ئۇرۇشلىرىنىڭ ۋە تەبىئەتنىڭ داستانى.

**ياشار كامال:** ئۇنىڭدىكى تەبىئەت تەسۋىرلىرى بىر شائىرنىڭ مېلى بولمىغىنىدەك، بىر قوۋمنىڭ، ھە ئۇلۇس دەپ تۇرايلى، بىر ئۇلۇسنىڭ، بىر جەمئىيەتنىڭمۇ مېلى ئەمەستۇر. ئۇنىڭدىكى تەسۋىرلەر بارلىق ئىنسانلارنىڭ مېلىدۇر.

**تەكىن سۆنمەز:** بىزنىڭكىلەرگە كەلسەك...

**ياشار كامال:** بىزنىڭ قوشاقلىرىمىزدىكى، داستانلىرىمىزدىكى تەسۋىرلەرمۇ شۇنداق، ئىنسان ۋە تەبىئەت تەسۋىرلىرى... «ئىلىئادا»نىڭ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ياكى كېيىنكى ئېپوسلارنىڭ ساغلاملىقى ئۇنىڭ يىلتىزىدىن كېلىدۇ. بىزنىڭ ناخشىلارمۇ، يۇنۇس ئەمرەمۇ، پىر سۇلتان ئابدالمۇ، قاراجائوغلانمۇ شۇنداق.

**تەكىن سۆنمەز:** ئەمدى سىزنىڭ رومانلىرىڭىزغا كېلەيلى.

**ياشار كامال:** مېنىڭ رومانلىرىمدا مانا بۇلاردىن يىراق بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇنچە مول ئەدەبىيات ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، سۆز دېڭىزىدا ئۈزگەن بولسامۇ، ئەدەبىيات خەلقتىن يىراقلىشىپ كەتكەچكە، مېنىڭ رومانلىرىمدا بۇنداق يىراقلاردىن ئازراق قېلىشى، قالالىشى مېنىڭ زور بەختىم ھېسابلىنىدۇ. ماڭا بىرمۇنچە زىيالىيلار (ھە، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېكايە، رومان، شېئىر يازىدىغانلارمۇ بار) مېنى چۆچەكچى دېيىشىدۇ، ئەرمەك ئۈچۈن... ئەرمەك ئۈچۈن بولمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە ئازراق توغرىلىق ئامىلى بارلىقىنى بىلسەم، خۇشاللىقتىن ياش ۋاقتىمغا قايتقان بولاتتىم، زېمىنىمىزدا يارىتىلغان ئەدەبىياتتا مېنىڭمۇ ئازراق تۇزۇم بار ئىكەن، دەيتتىم. ئەمما، ئۇ ئادەملەرنىڭ نە ئەقلىگە، نە سەنئەت چۈشەنچىلىرىگە، نە سەنئەتچى كۈچلىرىگە ئىشەنگەن بولسام كاشكى. مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت ئەنە شۇ كۈچلۈك ۋە ساغلام مەنبەدىن كەلگەنلىكىمدۇر. ئەمما، ئۇ كۈچلۈك ۋە ساغلام مەنبەگە لايىق بولالىدىممۇ يوق، بىلمەيمەن. بىزنىڭ زامانىمىزدا بۇ ئىش بەك قىيىن، قەيەردىن كەلگەن بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، خەلققە يارايدىغان بىرەر نەرسە يېزىپ چىقىش قىيىن ..!

**تەكىن سۆنمەز:** سۆز سەنئەتلىرىگە نىسبەتەنلا شۇنداقمۇ...

**ياشار كامال:** بۇنى سۆز سەنئەتلىرىدىن باشقا ساھەلەرگە قارىتىپمۇ ئېيتالايسىز، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سۆز ئىنسانىيلىقتۇر. سۆز سەنئەتلىرى ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان دۇنيادا ئىنسانىيلىق ئىنسانىيلىقنىڭ بۇيۇك بىر قىسمىنى، بەختىنى يىتتۈرگەن بولىدۇ. ئىنسانىيلىق ئۆز قىممىتى بىلەن بىر پۈتۈندۇر. قىممىتىنى يىتتۈرگەنچە بەختسىزلىكىمۇ ئاشىدۇ، ئىشەنگۈسىز دەرىجىدىكى بىر قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ، نۇر چېچىۋاتقان قۇياشنىمۇ يىتتۈرىدۇ.

**تەكىن سۆنمەز:** سۆز سەنئەتلىرى سىزنىڭ مەنبەيىڭىز بولالامدۇ ياكى باشقا مەنبەلىرىڭىزمۇ بارمۇ؟

**ياشار كامال:** يازغانلىرىمدا خەلق قوشاقلىرى، ئېپوسلاردا بولغىنىغا ئوخشاش، ئىنسان قىممەتلىرىدىن چىقىپ كەتمەسلىككە تىرىشتىم. بىر يېنىم جەمئىيەت، بىر يېنىم تەبىئەت، بىر يېنىم بولسا ئىنسان قىممەتلىرىگە تايانغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلدىم. لېكىن، بۇ ئۈچ ياسقۇچقا تايىنىش ھەر كىمنىڭ ئىشى ئەمەس. بۇنى كۈنىمىزگە كەلگۈچە پەقەت سۆز سەنئىتىنى خەلق بىلەن بىرلىكتە قىلىدىغانلار بېجىرىۋاتىدۇ. شۇنداق دەپ ھېسابلايمەنكى، مېنىڭ قىلغانلىرىم پەقەت بىر ياخشى نىيەتلا بولۇپ قالدى. مېنى چۆچەكچى دېگەنلەر سۆزلىرىگە ئىشەنسە، شۇنچىلىك ئەقلى، قابىلىيىتى بار بولسا ۋە دېگەنلىرى توغرا بولسا، مەن بۇ ئىشنى ئازراق بولسىمۇ بېجىرەلىدىم دەپ ئېيتالايمەن. نەدىكىنى، زامانىمىزنىڭ بىر يازغۇچىسىدا ئاشۇنداق بىر كۈچ بارمىدۇ! بىر چۆچەكچى بولۇشتىن ئۆزۈمنى شۇنداق بەختلىك ھېس قىلىمەنكى... چۆچەكچى بولغان بولسام ئۆزۈمنى چەكسىز بەخت ئىچىدە سەزگەن بولاتتىم...

**تەكىن سۆنمەز:** نېمىشقا چۆچەكچى بولماقچىمسىز؟

**ياشار كامال:** يازغۇچى چۆچەكچىلىك قىلىش كۈچىگە پەقەت بۇيۇك خەلقلەرنىڭ ئەسىرلەر بويى داۋام قىلغان تۆھپىسى بىلەنلا يېتىپ بارالايدۇ ھەم بارالىغان. «ئىلىئادا»نى، «گىلگامىش»نى، «تەۋرات»نى ئەسىرلەر بويىچە بۇيۇك ئۇستىلار بىلەن بىرلىكتە خەلق پىشۇرۇپ ۋايىغا يەتكۈزگەن. ھىتىت ھەيكەللىرى، يۇنان، ئاسۇر، سۇمېر ھەيكەللىرىمۇ شۇنداق... بۇ بىرلا كىشىنىڭ ئىشى ئەمەستۇر، گەرچە ئادەم ھەرقانچە قابىلىيەتلىك بولۇپ كەتسىمۇ...

**تەكىن سۆنمەز:** يازغۇچى خەلق بىلەن يېقىن بولۇشى كېرەك، دېمەكچىمۇسىز؟

**ياشار كامال:** 19 ـ ئەسىردە يازغۇچىلار، سەنئەتچىلەر بىزگە قارىغاندا خەلققە تېخىمۇ يېقىنراق ئىدى، تولستوي، دوستويېۋسكىي، چېخوف قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق يېتىشىپ چىقتى...

**تەكىن سۆنمەز:** تولستوي، دوستويېۋسكىي، چېخوفلارنى تىلغا ئالدىڭىز. بەزى سەنئەتلەرنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرگىنىڭىزدە، بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتايدىغان ئوخشىمامسىز؟

**ياشار كامال:** مانا بۇ كىشىلەر سۆز سەنئىتى جەھەتتە زامانىمىزدە بايقالغان پەۋقۇلئاددە بىر ۋەقەدۇر. ئەمما، دەۋرىمىزدە بىرمۇنچە كىشىلا خەلقنىڭ بۇيۇك سەنئىتىگە كونا چۆچەكچىلەرگە خاس شەكىلدە بارالىدى، ئۇ مەرتىۋىگە يېتىشەلىدى.

**تەكىن سۆنمەز:** سىزگە كەلسەك...

**ياشار كامال:** ماڭا كەلسەك، مېنى ئەرمەك ئۈچۈن بولسىمۇ «چۆچەكچى» دېسە، مەن ھەددىمنى بىلىمەن، قەيەردە تۇرغانلىقىمنى پەرق ئېتىمەن. يەنە دەيمەن، مېنىڭ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ، خەلق ناخشىلىرىنىڭ گۈزەللىكىگە ئېرىشەلىشىم، ئۇلاردىن ئوزۇق ئالماقچى بولۇشۇم بىر ياخشى نىيەت. مەن ھازىرمۇ شۇنداق ھېس قىلىمەن، مەن يولۇمنى ئۆزگەرتىپ ئوتتۇرا مەكتەپكە بارماي، خەلق سەنئەتچىلىرىگە ئارىلاشقان، ئاشىق رەھمىنىڭ

يېنىغا بېرىپ ئۇلارغا، خەلققە ئارىلاشقان بولسام ئىدىم، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولاتتىم. ھەمىشە مۇشۇنداق ئويلاپ قالىمەن، دائىم بىر پۇشايمان مېنى قىيناپ تۇرىدۇ.

تەكىن سۈنمەز: ماقۇل، ياشار كامال، خالىسىڭىز تېمىنى ئۆزگەرتەيلى. «ئوسمانلى ئەدەبىياتىنىڭ سىرتىدا قالغان ئەدەبىياتىمىز كۆچمەن، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئەدەبىياتىدۇر» دېگەنىدىڭىز بىر كۈنى ماڭا. خالىسىڭىز شۇ گەپكە كېلەيلى.

ياشار كامال: بۇ ئۇزۇن بىر ھېكايە. بىزنىڭ تېگىمىز كۆچمەنلىكتۇر، يەنى كۆچمەنلىك يەرلەشكەنگە قارىغاندا قەدىمىيدۇر. مۇقىم ئولتۇراقلىشىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم، كۈركەم مەدەنىيەتلىرى بار بولسا، كۆچمەنلەرنىڭمۇ ئەنە شۇنداق مۇھىم مەدەنىيەتلىرى باردۇر. ئانادولۇ (ئاناتولىيە) دا بۇ ئىككى مەدەنىيەت ئۆزئارا كىرىشىپ كەتكەن. كۆچمەنلەر يەرلەشكەنلەر بىلەن قانداق ئېلىم ـ بېرىمدە بولغان بولسا، دۆلىتىمىزدە مەدەنىيەت ـ تىل، ئېلىم ـ بېرىمدىمۇ بولغان. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز تېخىمۇ كۆپ خەلق مەدەنىيىتىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ قولىمىزدا تىرىك قالغاندۇر. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئوسمانلى مەدەنىيىتى ساراي مەدەنىيىتى، ئاز سانلىقلار مەدەنىيىتىدۇر، بۈگۈن بىزنى سۈغىرىپ تۇرغان ئانا مەنبە ئۇ ئەمەس. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز بۈگۈن خەلقتىن مەنبەلىنىدۇ. بۇ مەدەنىيەتنىڭ گەۋدىسىدىمۇ كۆچمەنلىك مەدەنىيىتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما، ئانادولۇنىڭ ئۆزىگە خاس بىر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بار.

تەكىن سۈنمەز: تۈركچىمىزنىڭ، يەنى تىلىمىزنىڭ باي تىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىشەيلى. مىسالەن خانىقالار، يەرلەشكەن مەدەنىيەت ۋە كۆچمەن مەدەنىيەت سىنتېزىنىڭ تىلىمىزدا ئەكس ئېتىشى توغرىسىدا...

ياشار كامال: كۆچمەنلىك سۆزلۈكتۇر، توغرا، بۇ جەھەتتە يەنە ئانادولۇدا ئايرىم بىر رايون بولغان. بۇ ھال ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئايرىم بىر نەتىجىنى ئاپىرىدە قىلغان. يۇنۇس ئەمرە، قورقۇت ئاتا، يۈزلەرچە شائىر، داستانچىنىڭ ئاغزاكى ئەسەرلىرى ئۆز زامانلىرىدا بولمىسىمۇ، بىرمۇنچىلىرى كېيىن يېزىقتا خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىنمۇ خانىقالارنىڭ بۈيۈك تۆھپىلىرى بولغان. خانىقالار ئەسىرلەر بويى ئانادولۇنىڭ مەدەنىيەت مۇھاپىزەتچىلىكىنى ئۆتىگەن. گۈزىن دىنىنىڭ دېگىنىدەك، بىزنىڭ بىر قولىمىز بەلختە، ئەھمەد يەسسەۋى خانىقاسىدا، بىر قولىمىز ھاجى بەكتاشىدادۇر. خانىقالار تىرىك بىر مەدەنىيەت مەنبەسىدۇر. يۇنۇس ئەمرە سېپى ئۆزىدىن بىر ئانادولۇلۇقتۇر. ھەم كۆچمەن، ھەم يەرلەشكەن بىر ئانادولۇلۇقتۇر. خانىقالار كۆچمەنلەر بىلەن يەرلەشكەنلەر تېپىشقان، قايناشقان يەر بولغاندۇر.

شۇنداق، ئانادولۇ خەلقىنىڭ يېزىقلىق بۈيۈك ئەدەبىياتى بار، يەنى ئانادولۇ تۇپرىقى دۇنيادا ئايرىم بىر ئەۋزەللىك كۆرسەتكەندۇر. ئۇ نېمە؟ بەكتاشى خانىقاسىغا ئوخشاش يەرلەر شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. خانىقالار بۈيۈك بىر خەلق ئەدەبىياتى مەنبەلىكى بولۇش رولىنى ئوينىغان. يۇنۇس ئەمرەنىڭ شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدە، بەلكى ھاياتىدىن يۈز يىللار كېيىن يېزىقتا كۆچۈرۈلگەندۇر. قاراجائوغلاننىمۇ شۇ يەرلەردىن تاپالايمىز. بىزنىڭ بارلىق ئەدەبىياتىمىزنى، ئۇنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى مانا شۇلاردىن تاپالايمىز. بىرەر تۇپراقتا شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە، بىر يېزىقلىق ئەدەبىيات شەكىللىنىدۇكى، بۇ يېزىقلىق ئەدەبىيات تىل بايلىقىنىڭ ئېشىشىغا، تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، بۇ بىرىنچىسى. ئىككىنچىسى، كۆچمەن خەلقنىڭ ئانادولۇنىڭ باشقا يەرلىرىگە قارىغاندا ئەۋزەللىكى بار، ئۇ بولسىمۇ كۆچمەن خەلقنىڭ بىر تىلى بار. بۇ تىلدا بىر تەبىئىي بايلىق بار. بۇ تىلدا

گۈللەرنىڭ ناملىرى ناھايىتى كۆپ. بۇ تىلدا ھايۋان ناملىرى، ھايۋان ھەرىكەتلىرىنىڭ، ھايۋان ئاۋازلىرىنىڭ ناملىرى چەكسىز. مانا قاراڭ، مەن دەپ باقاي. بىر تۆگىنى مىسالغا ئالايلى، بىز ئۇنى تۆگە دەيمىز. تۆگىنىڭ بىر ياشلىقىنىمۇ تۆگە دەيمىز، ئىستانبۇللۇقلار ئالتە ياشلىقىنىمۇ تۆگە دەيدۇ، بەك ئاز بىر قىسمى تۆگە بالىسى دەيدۇ. بۇ يەردە بولسا بىر تۆگە تۆت يېشىغىچە يەتتە نامدا ئاتىلىدۇ. مىسالەن، ھايۋان ئاۋازلىرى توغرىسىدا مەن ئىستانبۇللۇقنىڭ بىرسىدىنمۇ ئاڭلىمىدىم: ئات ئاۋازى دېيىشىدۇ، ئات ئاۋازى ئەمەس، ئات كىشنىشىدۇر. ئۆكۈز ئاۋازى ئەمەس، ئۆكۈز مۆرىشىدۇر. چاكال (بۆرىدىن كىچىكرەك كېلىدىغان يىرتقۇچ ھايۋان) ئاۋازى ئەمەس، چاكال ھۇۋلىشىدۇر. ھايۋان ۋە تەبىئەتكە ئائىت گۈل، بۇلۇت، قۇش، يامغۇرلارنىڭ ھەر خىل ھالەتلىرىنىڭ ناملىرىمۇ شۇنداق... بەزىدە «چىۋگىن» (قار ئارىلاش يامغۇر) دەيمىز. ئەينى دەۋردە ئانادولۇغا مۇشۇنداق باي بىر تەبىئەت، ئىنسان، ھايۋان ناملىرى بىلەن، سۆزلۈكلىرى بىلەن، بايلىقلىرى بىلەن، ئىبارىلىرى بىلەن، ئاتا-سۆزلىرى بىلەن بىر قوۋم كەلگەن. بۇ يەردە كىمنى تاپىدۇ؟ يەرلەشكەن بىر مەدەنىيەتنى تاپىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ سۆزلۈكلىرى تۇپراققا ئائىت، ھەممىسى يەرلىك مەدەنىيەتكە ئائىتتۇر. ئىشەك بار، ئېرىق بار، دۇنۇم (يەرنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى) بار، ساپان بار. ئانادولۇدا ئەرمەنلەر، رۇملار، كۇرتلار، چېركەسلەر... بۇ يەردە ئۇلارنىڭ تەبىئىي، قەدىمكى مەدەنىيەتلەردىن قالغان سۆزلەملىرى بار. بۇ يەرلەشمە مەدەنىيەت فرىكيا، مېسوپوتامىيە بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، قەدىمكى مىسىر بىلەنمۇ بىۋاسىتە ئالاقىسى بار. تۈرك خەلق تىلى مۇشۇنداق بىر-بىرىگە يۇغۇرۇلغان سۆزلەملەر بىلەن ناھايىتى زور بايلىققا ئېرىشكەندۇر. ئانادولۇ خەلقىنىڭ بىرىنچى، ئېغىز ئەدەبىياتى بار. ئىككىنچىسى، يېزىقلىق ئەدەبىياتى بار. ئۈچىنچىسى، ئانادولۇ ئېيتقۇسىز بىر جانلىنىش كەيپىياتىدا تۇرغان. كارۋانلار ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئۇمۇ تىل بايلىقىنى توشۇپ كېلىدۇ...

بۈگۈنكى كۈندە بۇنى تىلىمىزدا كۆرەلەيمىز. ئىرمىغا، تۇپراققا، شەھەرلەرگە ئائىت بولغان سۆزلەملەرنىڭ كۆپى يەرلەشكەن ئانادولۇ تىللىرىنىڭ سۆزلەملىرىدۇر ياكى ئۇلاردىن ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىنغاندۇر. تەبىئەتكە، ھايۋانچىلىققا، قونۇپ كۆچۈشكە ئائىت بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى كۆچمەن خەلقنىڭ سۆزلەملىرىدۇر. تۈركچە يەرلەشكەن ئانادولۇ تىللىرىدىن ئوزۇق ئالغان. بۇ ئىش توغرىسىدا تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلسا تۈركچىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچە باي تىل ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئانادولۇ تۈركچىسى مانا مۇشۇنداق بېيىغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىرپۈتۈنلۈكىگىمۇ مانا مۇشۇنداق قارىيالايمىز. ئەگەر خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولساق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشىيالىساق، كۆڭلىمىزدە سۆز سەنئىتىگە زور تۆھپە قوشالايمىز. دۇنيا ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھەسسە قوشالايمىز.

**تەكىن سۆنمەز:** نازىم ھېكمەت دەپ قالدىڭىز...

**ياشار كامال:** نازىم ھېكمەت بىلەن سۆزلەشتىم: «سەن تۈرمىدە بۈيۈك شائىر بولۇپ يېتىلدىڭ» دېدىم. «ياق، — دېدى ئۇ، — مەن تۈرمىدە بۇنچىلىك ئۇزاق ياتمىغان بولسام، مېنىڭ شېئىرىم تېخىمۇ باشقىچە بولغان بولاتتى. شېئىرلىرىمنى كېيىنكىلەرگىمۇ ئېلىپ بارالايتتىم» شۇنداق قىلىپ، ئۇزاق بىر تالاش-تارتىش بولدى. مەن ئۇنىڭ بەزى چۈشەنچىلىرىنى قوبۇل قىلدىم، ئۇ مېنىڭ بىرمۇنچە چۈشەنچىلىرىمنى قوبۇل قىلدى. خەلق ئاشىناسى بولغان نازىم ھېكمەتنىڭ شېئىرلىرىنى قاراجا ئوغلان، پىر سۇلتان ئابدال، دادالئوغلۇغا ئوخشاش يازغانلىقىمۇ دىققەتكە سازاۋەر ئىدى. ئۇ

شېئىرلىرىنى خەلق بىلەن بىللە، خەلق ئىچىدە يازماقچى بولغانىدى. ئۇنىڭ قىلغانلىرىمۇ قاراجا ئوغلانىنىڭكىگە ئوخشايتتى. قاراجا ئوغلان ناخشا ئېيتاتتى، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئوقۇيتتى، يەنى ئۇلارنىڭ ھاياتىمۇ ئوخشايتتى، شېئىر يېزىش شەكلىمۇ ئوخشايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن نازىم ھېكمەت بۈيۈك شېئىرىيىتىمىزنىڭ، يەنى سۆزلۈك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ بۈيۈكلىرىدىن بىرى بولدى. ئۇ تۈنجى قېتىم تۈرمىگە كىرىپ بىرنەچچە يىل ياتقاندىن كېيىن، بەدرىددىنىنىڭ ئۆيىدە بۈيۈك بىر داستان يېزىپ چىقتى.

**تەكىن سۆنمەز:** «ئەدەبىيات خەلق بىلەن بىللە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» دېگەن سۆزنى سىز ئېيتقان، شۇنداقمۇ؟

**ياشار كامال:** شۇنداق. ھەربىر جەمئىيەت ئۆز شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە ئۆز تىلىنى يارىتىدۇ. كۆچمەن مەدەنىيەتنى ئېلىپ ئېيتساق، كۆچمەنچىلىكتە ھەممە نەرسە توشۇلىدۇ، سەنئەت بولىدۇ. كۆچمەنچىلىكتە پالاس، گىلەم، ئوتاق... بۇلاردىكى سەنئەت، گۈزەللىك تەڭداشسىزدۇر. مەدەنىيەتنىمۇ ئىچىگە ئالغان تەبىئەت ھەرىكەت شەكلىمىزنى ئاشكارىلايدۇ. كۆچمەنچىلىكتە ياشىغۇچىلار ئايرىم ئىنسانلاردۇر. ئۇلار بۇ مەدەنىيەتنى يارىتىدۇ، ئاشكارىلايدۇ... ئەدەبىيات خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ دېيىشىمىزدە گومېرنى، يۇنۇس ئەمرەنى، يەنە باشقا بۈيۈك ئۇستىلارنى كۆزدە تۇتقانىدىم. مىسالەن، «ئىلئادا»نى پەقەت ھومېرنىڭلا ياراتمىغانلىقىنى بىلەتتىم.

**تەكىن سۆنمەز:** ئەمدى قاراجا ئوغلانغا كەلسەك...

**ياشار كامال:** قاراجا ئوغلاننى قاراجا ئوغلان قىلغان قاراجا ئوغلاننىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى، كېيىن قاراجا ئوغلانغا ئوخشاش بولۇش ئۈچۈن يەنە يۈزلەرچە قاراجا ئوغلان ئېقىنىنىڭ قېتىلغانلىقىنى، بۇ ئېقىنلارنىڭمۇ خەلقتىن مەنبەلەشكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. بۈگۈن شەرت ـ شارائىت ئۆزگەردى، لېكىن ئۇ يەنىلا خەلقنىڭ ئىچىدە، خەلق بىلەن بىللە بولۇشتىن ئۆزگە چارىسى يوق. سەنئەت مېنىڭ ئۈچۈندۇر دېگەن سەنئەتچىگە ئىشەنمەڭ. سەنئەت ھەر زامان خەلق ئۈچۈن بولغاندۇر.

**تەكىن سۆنمەز:** ئەمدى ئېپوسنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ھەققىدە سۆزلىشەيلى.

**ياشار كامال:** ئېپوس ئۆز دەۋرىنىڭ گېزىتى بولغان ۋە بۇ گېزىتتىكى سەنئەتنىمۇ سەنئەتچىلەر خەلق بىلەن بىرلىكتە تەشكىل قىلغان. ئۇنداق بولمىغان بولسىدى، خەلق ئۇنى قوبۇل قىلمىغان بولاتتى.

**تەكىن سۆنمەز:** تىلنىڭ تەدرىجىي راۋاجلىنىشى، تىل بايلىقىنىڭ ئېشىشى نۇقتىسىدىن بىر يۇغۇرۇلۇش بولۇشى كېرەك، دەپ قارامسىز.

**ياشار كامال:** ھازىر بىز رايون خاراكتېرلىك تىلنىڭ ئەمەس، بىر پۈتۈن تۈرك ئەدەبىيات تىلىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسىمىز، بىز بۇ تىلدا نۇرغۇن ئىمكانىيەتلەرنى ياراتتۇق. ئانادولۇ تىلىدىن بۈيۈك ئىمكانىيەتلەرنى ياراتتۇق. نازىم ھېكمەتتىن باشلانغان بىزنىڭ نەسلىمىز ئەدەبىيات تىلىدا سۆزلۈك ئەدەبىياتتىن، ئانادولۇ خەلقىدىن بۈيۈك شارائىتلار، بۈيۈك بايلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. بىزنىڭ نەسلىمىزگە كەلگۈچە، بۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان ئىنسان بولمىدى. تۈرك تىلىدا ئورخان كامالچىلىك، فاكىر بايقۇرتچىلىك، ئەھمەد ئارىفچىلىك... بىر نەسىل بولمىدى. تۈرك خەلقىنىڭ بۇنچە ئاز ساۋاتلىق بولۇشىنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمىزنى بۇنچە كۆپ ئوقۇشى پەۋقۇلئاددە بىر ئىش. تۈرك خەلقىنىڭ بۇ قەدەر كۆپ رومان، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشى كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر ئىش. نېمىشقا؟ خەلقنىڭ تىلىنى يېزىۋاتىمىز ۋە يېڭى بىر تىلدا يېزىۋاتىمىز.

مىسالەن، مېنىڭ تىلىم چۆكۈرۈۋانىڭ تىلى ئەمەس، چۆكۈرۈۋانىڭ تىلىدىن پايدىلانغان بىر تىلدۇر. مىسالەن، «تۆمۈرچىلەر بازىرى» دىكى تىلنى مەن ئىشلەتتىم، ھېچكىم ئىشلىتىپ باقمىدى. بۇ بىر يازغۇچىنىڭ تىلى، ئەدەبىيات تىلىدۇر؛ يېزىق تىلى بۇ، چۆكۈرۈۋا تۈركمەنلىرىنىڭ تىلى ئەمەستۇر. بۇ چۆكۈرۈۋا تۈركمەنلىرىنىڭ تىلىدىن پايدىلانغان بىر تىلدۇر، باشقا تەرەپلەردىنمۇ پايدىلانغان، تۈرك ئەدەبىيات تىلىدىنمۇ ئوزۇق ئالغان بىر تىلدۇر. كىشىلىكى بولغان بىر يازغۇچى ئۆز تىلىنى يارىتىدۇ. بولمىسا، چۆكۈرۈۋادا ئۆسمەي تۇرۇپ ئۇ تىلدا يازسىڭىز، ئۇ پەقەت تەقلىد قىلىنغان، مېخانىك بىرنەرسە بولۇپ قالىدۇ. يازغۇچى تىل يارىتىدۇ. باشقا چارىسى يوق، پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكۈزىدۇ، يەنى بىز رومانچى بولۇپ تۇرۇپمۇ تىل جەھەتكە كەلگەندە بۇنىڭغا بارماق بېسىش مەجبۇرىيىتىدىمىز.

**تەكىن سۆنمەز:** خەلق ئەدەبىياتىمىزنىڭ تىلىنى ساغلام بىر مەنبە سۈپىتىدە كۆرىدىغان ئوخشايسىز.

**ياشار كامال:** خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تىلىدا ئۆلۈم ئەمەس، كېسەللىكمۇ يوق. بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تىلى بار. بۇ تىلنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ ئاخىرىدىمۇ بىزنىڭ مەنبەيىمىز قانچىلىك يىراقتا قالسىمۇ، خەلق ئەدەبىياتىمىزنىڭ تىلى بولىدۇ. بۇ تىللار چاكىنىلىشىشتىن خالىي بولىدۇ. ئۇزۇن، تۈز سىزىق ئۈستىدە تەرەققىي قىلىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىز ئەڭ ياخشى تەرىپىنى ئانادولۇ يەرلىكلىرى بىلەن يوغۇرۇپ ئالغان، لېكىن يەنە يولىدىن ئازمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قوشۇلما بىلەن بايلىقى ئېشىپ بارغان تىلدۇر.

**تەكىن سۆنمەز:** بۈگۈن ئوسمانلىچە بىلەن رومان يازغىلى بولامدۇ؟

**ياشار كامال:** بۈگۈن ئوسمانلىچە بىلەن رومان يېزىلامدۇ، نېمىشقا يېزىلمىسۇن؟ خالىغانلار كونا يۇنانچە بىلەنمۇ رومان يازالايدۇ. بىزدە بىرقىسىم يازغۇچىلار كونا ئوسمانلىچە بىلەن، تېخىمۇ توغرىسى كېيىنكى يىللارنىڭ ئوسمانلىچىسى بىلەن رومانلار، شېئىرلار يېزىشتى، ھەي، خۇدايىم پاناھ بەرسۇن، يازغانلىرى بىرنەرسىلەرگە ئوخشايدۇ. بۇلار ھۈنەرلىك كىشىلەردۇر. ئۆلگەن بىر تىل بىلەن يېزىش ھۈنىرىنى كۆرسەتكەنلەرنى ئالقىشلايمىز. مۇشۇنداق بىر ھۈنەرنى يېتىلدۈرۈش ئاسانمۇ، ئۆلگەن تىل بىلەن يازغانلارنى ھۆرمەت قىلماسلىق بولامدۇ؟ بۇلارنىڭ ئىچىدە كېيىنكى ئوسمانلىچە بىلەن يازغانلاردىن بىر رومانچى بار ئىدى، ئېتى ئابدۇلخالىق شىناسى ھىسار. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دېيىشىچە، رومانلىرىنى، يازمىلىرىنى ئوسمانلىچە، فىرانسۇزچە ئارىلاش بىر تىل بىلەن يازارمىش. بۇ ئادەمنى نەچچە يىلغىچە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرمىدىمۇ؟ سائىت فائىك ئاباسىيانىك مېنىڭ شۇ ئەسەرلەردىن بىرىنى ئوقۇۋاتىمەن دېگەنلىكىمنى ئاڭلاپ، ماڭا شۇقەدەر ئاچچىقلاندىكى، ئۇن بەش كۈنگىچە يۈزۈمگىمۇ قارىمىغانىدى.

**تەكىن سۆنمەز:** ئۇنداقتا سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزچۇ؟

**ياشار كامال:** مەن ئۆزگەرگەن ئىنسانلارنى تىپ قىلىپ مۇكەممەل بىر دەۋرنى يازىمەن. ئۆزگەرگەن بىر تىل بىلەنمۇ يېزىش جاپاسىدىمەن. ئۆزگىرىشنىڭ ئاچچىقى، سانجىقى، تىلىنىمۇ، تەبىئىتىنىمۇ... دۆلىتىمىز دەھشەت بىر ئۆزگىرىش جەريانى ئىچىدە... بۇنى نەزەردىن ساقىت قىلمايمىز. سەنئەتچىلەر بىرئازمۇ ئاممىباپلىققا يۈزلىنەلمەيۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاممىباپ سورۇنى چەكسىز بىر ئۆزگىرىش قايىنىغان سورۇندۇر.

**تەكىن سۆنمەز:** ئەمدى كۆچمەن تۈركمەن جەمئىيىتى بىلەن ئوسمانلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى سۆزلىشەيلى.

**ياشار كامال:** كۆچمەن تۈركمەن جەمئىيىتى

ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرغاندۇر. ئوسمانلى ئۆلاردىن چىققاندۇر، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزى بولمىغاندۇر ھەم بولالمايتتى... ئوسمانلى سارىيى تۈركمەنلەرگە قارىغاندا، ۋىزانتىيە ئۇسلۇبىغا كۆپرەك مايىل ئىدى. بۇمۇ تەتقىق قىلىپ باقىدىغان بىر تېما. بەلكى يېڭىلىشىۋاتقاندۇرمەن، بەلكى ئوسمانلىلار خاس تۈركمەندۇر. قولىمىزدا بۇنىڭغا ئائىت تەتقىقاتلار يوق... ماڭا ئوسمانلىنىڭ ۋىزانتىيە تۈسى بەك قويۇقتەك تۇيۇلىدۇ. ئەگەر ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى يەنە ياشىغان بولسىدى، تېپىك ئوسمانلىنىڭكىگە ئوخشاش مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قالدۇرالمايتتىمۇ؟ ئانادولۇغا شۇنچە كۆپ تۈركمەن كەلگەنىكەن... بىلمەيمەن. بۇ جەھەتتە باشتىن باشلاپ چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىشنى خالىمايمەن.

**تەكىن سۆنمەز:** ئۆزگەرگەن ئەتراپنى ۋە تىپلارنىمۇ ياخشى بىلىسىز ھەرقاچان...

**ياشار كامال:** قايسى تىپلار؟ قايسى ئەتراپنىڭ ئىچىدە؟ بۇنى بىر پۈتۈن روماندا ئەكس ئەتكۈزمىگەن يازغۇچى ئارماندا قالىدۇ. ئەلۋەتتە، رومانچىنىڭ ئىشى ئىنسان پىسخىكىسىنىڭ ئەڭ تېرەن يېرىگە بېرىشتۇر. ئىنسان پىسخىكىسىمۇ چەكسىزدۇر. تولستويدا تۈگىمەيدۇ. گومېردا تۈگىمىگەندەك، چېخوفتا پۈتمەيدۇ. ئىنسان پىسخىكىسىدا تاغ – داۋانلار باردۇر، ئۇنىمۇ سەنئەتچى يارىتىدۇ. چەكسىز مۆجىزىلەر بولىدۇ. بۇ دۇنيادا ھەرقانداق يېڭى نەرسىنى كەشىپ قىلغان بولساق، تەبىئەتنىمۇ يېڭىدىن كەشىپ قىلىمىز، ئاتوملىرى بىلەن، ئۇرانلىرى بىلەن، بىلمەيمەن يەنە نېمىلىرى بىلەن. بىزنىڭ تەبىئەتتە بىز بىلمەيدىغان بۈيۈك تەڭپۇڭلۇقلار بار. ئىنسان پىسخىكىسىدىمۇ چەكسىز تەڭپۇڭلۇقلار بار. ئەمما، بۇ پىسخىكىنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن، بۇ ئەتراپنى بەك ياخشى بىلىش كېرەك.

**تەكىن سۆنمەز:** ئۆزگىرىشتىن ئىلگىرىكى تەبىئەتنىمۇ ياخشى بىلىسىز ھەرقاچان.

**ياشار كامال:** شۇنداق بىر تەبىئەت پارچىسى، بەك تەپسىلىي سۆزلىيەلەيمەن: كۆز يەتكۈسىز قومۇشلۇق، مىڭلارچە دۆڭلۈك چاتقاللىق. چۇكۇروۋانىڭ ئىچىدە توققۇز، ئون دانە يوغان كۆلچىلىك كېلىدىغان پاتقاقلىق. پاتقاقلىقتا سازلىقلار ۋە پاتقاقلىقتا ھەر خىل قۇشلار، ياۋا غازلار، ياۋا ئۆردەكلەر، پەسىل قۇشلىرى بىلەن بۇركۇتلەر تولۇپ تۇراتتى...

بۇركۇتلەر پۈتۈن چۇكۇروۋانى پاناھ تارتىپ ئوتتۇرىغا يىغىلىشىدۇ. قۇشلىرى بىلەن، كەكلىكلىرى بىلەن، بىلمەيمەن يەنە نېمىلىرى بىلەنكىن. مىسالەن، چۇكۇروۋاغا جەنۇبتىن مىڭلارچە جەرەن كېلەتتى. ئاداناغا قەدەر جەرەن كەلگەنىكەن... ھازىرقى بىزنىڭ ئوسمانىيە تەرەپلىرىگە قەدەر. «ئېتى چاپقۇر جەرەن ئوۋلار» دەيدىغان ناخشىلار بار. بۇ ناخشىلاردا جەرەن بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى ئىپادىلەنگەن. ئەمدى پۈتۈن بىر چۇكۇروۋانىڭ فېئوداللىق تۈزۈمى، مىسالەن، (1950 – يىللاردا كاپىتالىست مۇناسىۋەتلەر تەرەققىي قىلغان چاغدا) ئاقچاساز پاتقاقلىقىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىمەن. قەسەم قىلىمەن، ئۇرۇشلار بولۇپ، يېڭى يەرلەر ئېچىلىپ، ئۈچ ئايدا بىر تېمىم سۇ قويمىدى. پاتقاقلىقلار، قومۇشلۇقلار قالمىدى، ھەممىسى دالا بولدى. تراكتورلار كېچىچە يەر ئاغدۇرۇپ ئوت – چۆپلەرنى نابۇت قىلدى، سۇلار ئۆزگەردى. نەتىجىدە نېمە بولدى بىلەمسىز، چۇكۇروۋادا ھېچقانداق بىر قۇش قالمىدى، تېرىم ئېتىزلىرى ئوت – چۆپ قاپلاپ تۇرغان دالىلارنى ۋەيران قىلدى، نە غاز، نە ئۆردەك قالمىدى. ناھايىتى ۋەھشىي بىر خىل چىۋىن تۈرى پەيدا بولدى، ئاق چىۋىن. دەۋر ئۆزگەرگەچكە تەبىئەتمۇ ئۆزگەردى.

**تەكىن سۆنمەز:** رومانلىرىڭىزدا تەسۋىرلىگەن ئارىشاڭلارمۇ بار ئىدى...

**ياشار كامال:** مىڭبۇغىلار ئەپسانىسىدىكى تۆمۈرچى ئارىشىڭىنى سۆزلەپ بېرەي. ھەرھالدا مەن

ئاشۇ ئارىشاڭلارنىڭ ئاخىرىغا يېتىشتىم. ھەربىر كېسەللىكنىڭ بىر ئارىشىڭى بار ئىدى. مىسالەن، پېسىلەر (ئاقكېسەللەر) ئارىشىڭىنى بىلىمەن. ئاقكېسەل بولۇپ قالغانلار مۇشۇ ئارىشاڭغا باراتتى، ئۇ يەردە كېسەللىرىنى ساقايتىشقا كىرىشەتتى. ئەسىرلەردىن بۇيان كىشىلەر بۇ ئارىشاڭلاردىن دانىشمەنلىك بىلەن پايدىلىنىپ كەلگەنىدى. كېيىنكى يىللارغىچىلا ئانادولۇدا ناھايىتى چوڭ جەمەتلىك كىرلانگىچ ئوغۇللىرى ئارىشىڭى بار ئىدى. بۇ ئارىشاڭدىكى كىشىلەرنى مەنمۇ تونۇيتتىم. بۇلار كۆزگە ئاق چۈشكەنلەرنى داۋالايتتى. دىنىي ئارىشاڭلار خانىقادۇر. شەرقىي ئانادولۇدا داستانچى ئارىشاڭلىرى كېيىنكى يىللارغىچە مەۋجۇت بولغان. مۇزىكا ئارىشاڭلىرىمۇ بار ئىدى. مىسالەن، «ئابدال» دېگەنلىرى دۇمباقچىلارنىڭ نەزىرىدە بىر ئارىشاڭ ئىدى... بۇلار چالغۇچى ئارىشاڭلىرىدۇر. بۇ ئارىشاڭلارنىڭ ھەممىسى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قول بېرىشلەردىن تەرەققىي قىلغان. ئىنسانلىق مانا مۇشۇنداق ياشىغاندۇر، تا بۈگۈنگىچە مۇشۇنداق كەلگەندۇر. بۈگۈنكى كۈنىمىزدە شائىر ئائىلىلىرى قالمىدى دەپ ھېسابلايمەن. ئاتىدىن ئوغۇلغا قالىدىغان شائىرلىق... چۇكۇروۋادا شۇنداق بىر ئائىلە بار ئىدى، تامدوغان ئائىلىسى... دادالئوغلۇ، دادالئوغلۇنىڭ نەۋرىسى ئاشىق يۇسۇپ، ئاشىق يۇسۇپنىڭ ئوغلى ئاشىق ھەققى... ئاشىق ھەققىدىن كېيىنمۇ بار... قىياسىمچە ئوغلىنىڭ بىرى ھازىر ئادانادا دوختۇر...

**تەكىن سۆنمەز:** ھازىر ماشىنا تەبىئەتنى ئۆلتۈردى.

**ياشار كامال:** ماشىنا بىلەن تەبىئەتنى ئۆلتۈرۈش، ئورمانلارنى يوقىتىش، سۇلارنى قۇرۇتۇش، ئوتلارنى، ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش تېخىمۇ قولايلاشتى. فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ تەبىئىتى بىلەن كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ تەبىئىتى ئايرىم ـ ئايرىم نەرسىلەر بولدى. بۇ قىسمەتلەر رومانلىرىمنىڭ ئانا تېمىسى. بۇنىڭدىن باشقا تېمىلاردىمۇ يېزىشنى ئويلايمەن.

**تەكىن سۆنمەز:** ئۇنداقتا، قانداق ئىشلارنى قىلماقچىسىز، ياشار كامال؟

**ياشار كامال:** يەڭنى تۈرۈپ بۇ قايىنامغا كىرمەكچىمەن، تۈركىيەدە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەقىلسىزلىك بىلەن گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇپ پارچىلىنىپ كەتتى. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، يۇرتىمىزنىڭ تەبىئىتى ئەڭ كۆپ ئۆلتۈرۈلدى. يۇرتىمىزنى بىر پۈتۈن ھالەتتە بۇ ئۆلۈمدىن ۋە ئاپەتتىن پەقەت بىزدەك نىيەتتىكى كىشىلەرلا قۇتۇلدۇرالايدۇ. ئويدۇرما سەۋەبلەر بىلەن يۇرتىمىزدىكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۈچىنى گۇرۇھ ـ گۇرۇھقا ئايرىۋەتكەنلەرگە، بۇ ئەخمەقلىقنى قىلغانلارغا ئاللا مىڭ بالالارنى بەرسۇن. بۇ ئىشلارنىمۇ ئىچىمدە ئۆلۈم ئاچچىقىغا ئوخشاش سېزىمەن. بۇ ئەقىلسىز ۋە سەۋەبسىز بۆلۈنۈشلەرگە بەك دىققەت قىلىمەن. ئارىدىكى كۆزقاراش ۋە چۈشەنچە ئايرىمىسى ناھايىتى چوڭ پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن... مەدەنىيىتىمىز ئۆلگەن، كىشىلىرىمىز ئىنسابسىزلاشقان، ياتلاشقان... ۋە ئارىلىرىدا كىچىككىنە ئوخشىمايدىغان چۈشەنچىلەر... مۇشۇنداق ئىشلارنى يەڭنى تۈرۈپ قىلىۋاتقانلار كېيىن زامان ئوڭشىلىپ قالغۇدەك بولسا بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىگە، ئىنسانلىقنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ، بالىلىرىنىڭ يۈزىگە قارىيالارمۇ؟ بىر كۈنلەرگە كەلگەندە مانا مۇشۇ ئىنسانلارنىمۇ يازماقچىمەن.

**تەكىن سۆنمەز:** ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمىلەرنى يازماقچى بولۇۋاتىسىز؟

**ياشار كامال:** فېئوداللىق تۈزۈمدىن كاپىتالىست تۈزۈمگە ئۆتكەندە، تەبىئەتنىڭمۇ سىنىپلار بىلەن بىرلىكتە ئۆزگەرگەنلىكىنى «تۆمۈرچىلەر بازىرى»دا يازدىم. «تۆمۈرچىلەر بازىرى» نىڭ ئۈچىنچى تومىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كېتەلەيمەن، دەپ ئويلايـ

مەن. «قىزىل لەيلەك»تە بۇ قاراشلىرىم تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتكەن. ئىنسانلار شەكىللەندۇرگەن بىر ـ بىرىنى يەكلەيدىغان تۈزۈم تەبىئەتنىڭمۇ كۆز يېشىغا قارىمايدۇ، تەبىئەتنىمۇ ئەينى شەكىلدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ ۋە ئۇنى يوقلۇققا، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ.

**تەكىن سۆنمەز:** بۇ ئەڭ ئومۇملاشقان ئىش بولۇپ قالدى...

**ياشار كامال:** ئىنسانلار تەبىئەتنىمۇ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. تەبىئەت قوينىدا ياشايدىغان، ئۆزلىرىنى ئاپىرىدە قىلغان تەبىئەتنى پۈتۈنى بىلەن ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. تەبىئەتنى ئۆلتۈرسە نېمە بولىدۇ، بىر كۈنلەر كېلىپ بۇ تەلۋىلىكلەر ھەققىدە رومان يېزىپ قالسام چۈچۈپ كەتمەڭلار. چۈنكى، تەبىئەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان زامان ئىنساننىڭ ئىچ تەڭپۇڭلۇقى، پسىخىك تەڭپۇڭلۇقىمۇ بۇزۇلىدۇ.

**تەكىن سۆنمەز:** رۇخسەت قىلسىڭىز، باشقا بىر تېمىغا ئۆتىمەن. جەيھۇن ئاتۇف قانسۇ سىز ئۈچۈن شۇنداق مىسرالارنى يېزىپتۇ:

«ياشار كامال تەبىئەتنىڭ سۆزلۈكى

...

ئۆزۈڭ تەبىئەتتىنسەن، چېچەكچىدۇر ئانا تىلىڭ.

...

قاڭقىپ بىر كۈن مىڭبۇغانىڭ تاغلىرىدىن،
تۈركچىنى قارىغايدەك قىلغانمۇ سەنسەن.»

**ياشار كامال:** جەيھۇن ئاتۇف قانسۇ بۈيۈك شائىردۇر. بارلىق بۈيۈكلەرنىڭ ساپلىقى، باللىقى ئۇنىڭدىمۇ بار. ئۇ ياشلىقىمدا مەن ياخشى كۆرىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان ئاغىنىلىرىمدىن بىرى ئىدى. مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. «ئاددىي كىشىلەر» رومانىم ئۈچۈن، مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل يازمىلاردىن بىرىنى ئۇ يازغانىدى. جەيھۇنغا ئوخشاش بۈيۈك، يۈرەكلىك، ياخشى شېئىرلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن بىر ئۇستازنىڭ ماڭا بۇنداق مىسرالارنى بېغىشلىشى مېنىڭ ئەڭ چوڭ بەختىمدۇر. مۇشۇنداق بۈيۈك بىر ئۇستازنىڭ يۈرىكىدە ئورۇن ئېلىش ــــ مېنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ يۈرىكىدە ئورۇن ئېلىشتۇر. جەيھۇن ئۇستازدىن بىر سۆيگۈ چېچىكىنىڭ ماڭا سوۋغا قىلىنىشى مېنى پەخىرلەندۈرىدىغان ئىشتۇر.

**تەكىن سۆنمەز:** جەيھۇن ئاتۇف قانسۇنىڭ ئەسەرلىرى تولۇقى بىلەن توپلاندى، دەپ ئويلامسىز؟

**ياشار كامال:** جەيھۇن ئاتۇف قانسۇ ھايات ۋاقتىدا ۋە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ھېچبىرىمىز ئۇنىڭ ئەسىرىنى توپلاپ قويمىدۇق. توپلىيالمايتتۇق ھەم... شۇ قەدەر خەلقتىن يىراقمىزكى، جەيھۇننىڭ يېنىدا، يۈرىكىنىڭ ئىسسىقىدا يېنىدا بولالمىدۇق. بىز مۇشۇنداق خەلقتىن يىراقلاشقانچە تېخىمۇ كۆپ جەيھۇنلار نەزەردىن ساقىت بولۇپ كېتىۋېرىدۇ.

**تەكىن سۆنمەز:** ئاخىرىدا سوراپ باقىدىغىنىم، سەنئەتچى نېمىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەر تۆكۈشى كېرەك، دەپ ئويلايسىز؟


**ياشار كامال:** بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى ھەقىقىي بىر ئەدەبىياتچىنىڭ، سەنئەتچىنىڭ ئۆمۈر بويى قىلىدىغان ئىشى مۇنداق بولىدۇ: بۇ دۇنيادىكى ئىنسانلار مۇناسىۋىتى گويا بىر پۈتۈن ئورۇشتۇر، بىر دۇنيانى قۇتۇلدۇرۇش ئورۇشىدۇر. شۇڭا، ئەدەبىياتچى، سەنئەتچى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى قۇتۇلدۇرۇشقا، ئىنسانىيەتنىڭ ئىنسانلىقىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىنسانىي تەقدىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنى ئۆز قوينىدا ئەللەيلەتكەن تەبىئەتنىمۇ قۇتۇلدۇرۇشقا بار كۈچى بىلەن ئاتلىنىشى لازىم.

(تۈركچە «ھەپتىلىك نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 1978 ـ يىلى 5 ـ ئايلىق سانىدىن ئېلىندى)


Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

## قەدەھ سۆزی

بندستروپ (دانیە)



# شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان يېڭى كىتاب




## پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى

بۇ فىرانسىيە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۇلۇغ يازغۇچى ۋىكتور هيۇگونىڭ رومانتىزملىق ئالاھىدىلىك بىلەن
تويۇنغان كاتتا رومانى. رومانىنىڭ سۇژىتلىرى مۇرەككەپ، جىددىي ۋە جانلىق، ئەقلىنى لال قىلىدىغان
ەرىجىدە ئۆزگىرىشچان، دىراماتىك خۇسۇسىيەتكە باي. روماندا فىرانسىيە مۇستەبىت جەمئىيىتىنىڭ
ۇلمەتلىكلىكى، ئەكسىيەتچىل دىنىي جەمئىيەتنىڭ غالجىرلىقى ۋە ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى
ەسۋىرلەش ئارقىلىق فېئودالىزمغا قارشى ئاساسىي تېما گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. بولۇپمۇ دىنىي جەمئىيەتتىكى
ەبىھ كۆچلەرنىڭ رەسۋالىقى، ساختىلىقى ۋە زەھەرلىكلىكى مەركەزلىك پاش قىلىنىدۇ. هيۇگو بۇ روماندا
ېئال دۇنيا ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگەن سىگان قىزى ئەسمېرالدا بىلەن بەتبەشىرە مەجرۇھ
كۋاسىمدونى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىدۇ.



شىشكىن (رۇسىيە)

قارىغايزارلىق


دۇنيا ئەدەبىياتى (قوش ئايلىق ژۇرنال)

世界文学选译 (双月 维吾尔文)

**WORLD LITERATURE**

(BI-MONTHY,UYGUR LANGUAGE)

ISSN 1005-1791

10>

9 771005 179022

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 0991-2827971
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-1791
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65-1075/I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 58-52 باھاسى: 7.00 يۈەن
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: BM 1120

编辑出版：新疆人民出版社
印刷：新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司
订阅：全国各地邮局
国内发行：乌木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司

国际标准刊号：ISSN 1005 - 1791
国内统一连续出版物号：CN65 - 1075/I
本刊代号：58 - 52 定价：7.00元
国外代号：BM 1120